ئومۇمىي 22-سان

2021 ماي- ئىيۇن



# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



مەخپىي ئۇرۇش

1



ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد

3



خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆز قارىشى

97

2021 ماي - ئىيۇن
ئومۇمىي 22-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.




باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مەسىلىسىز ئويغىنىش

كەسپىي ھاياتىڭىزدا سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدىغان مۇھىم ئامىللار

پاسسىپ كەيپىيات سىزنى تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ 87

خىتاي مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن كەمبرىج پروفېسسورى 47

## خىتاي تەتقىقاتى

مەخپىي ئۇرۇش

شى جىنپىڭ بىلەن ۋېنجىياباۋ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش 39

## گۈلىستان

كىتاب ئوقۇشنىڭ ئون پايدىسى 15

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشىت بەرقىي

## تارىخ ۋە بىز

چېچېنىيە، رۇسىيە ۋە قانلىق ئۇرۇش 22















## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاي - ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە مۇناسىۋەتلىرىدىكى يېڭى يۈزلىنىش 82

G7 ئۇچرىشىشىنى تونۇشتۇرۇش 15

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار 102

## ھېكمەتلەر

ئۆگىنىش ھەققىدە 25 ھېكمەت 104

## ساغلاملىق

چىش ساغلاملىقى ئۈچۈن ئون بىر تەۋسىيە 53

## كۆپكۆنىدىكى ئۇيغۇرلار

شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش 58

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەنلەر ھەققىدە خىتايلارنىڭ كۆز قارىشى



خىتاي تەتقىقاتى
HOW CHINA TOOK OVER
WHILE AMERICA'S ELITE SLEPT
مەخپىي ئۇرۇش
STEALTH
WAR
روبېرت سپالدىڭ
GADIER GENERAL
RT SPALDING
S Air Force, Retired)

# ئون بىرىنچى باب : خىتاينىڭ ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش

ئامېرىكا ۋە پۈتۈن دۇنيا بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرماقتا. خىتاي ئۆزىنىڭ مەخپىي ئۇرۇشىدا پائال ھەرىكەتكە ئۆتكىلى يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. ھازىر ئۇنىڭ 2049 ـ يىلىغا بارغاندا، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغىنىغا يۈز يىل بولغاندا، يەر شارىدىكى ھۆكۈمران دۆلەتكە ئايلىنىش نىشانىغا ئازلا ۋاقىت قالدى، شۇنداقلا خىتاي بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغاندەك قىلىدۇ. ئامېرىكا ۋە دۇنيادىكى يېڭى ئىقتىسادىي كۈچلەر ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ھەمدەمدە بولدى. خۇشخەۋەر شۇكى، خىتاي ئىلگىرىكىدەك ئۆز پىلانىنى يوشۇرۇپ يۈرمەس بولدى. ئەمدى ھۆكۈمىتىمىز، سىياسىيونلىرىمىز ۋە مالىيە ساھەسىدىكى ئاۋانگارتلار دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئامېرىكا جەمئىيىتىنى خاراكتېرلىگەن پرىنسىپلار ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئېچۈۋېتىلگەن جەمئىيىتىمىزگە ئېلىپ كېلىدىغان ئەجەللىك تەھدىتىنى تونۇش ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە غەرب قوللىنىشى كېرەك بولغان تۆت مۇھىم ئۇقۇم بار. ئەمما مەن بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردىن بىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكۈم بار. مەن بۇنىڭ بىزنى كەلگۈسىدىكى رىقابەت توغرىسىدا بىر رامكا ۋە قايىل قىلارلىق نۇقتىئىينەزەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1941 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، پرېزىدېنت فرانكلىن دېلانو روزۋېلت يىللىق دۆلەت ئەھۋالى باياناتىنى ئېلان قىلدى. ئۇنى ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى يېڭىلىق دېگەندىن كۆرە، ھىتلېرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتقان دۇنيانىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى يېڭىلىق دېيىش توغرا بولاتتى. روزۋېلت تەھدىتلەرنى خۇلاسىلەش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغۇزۇۋاتاتتى. روزۋېلت ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان ئامېرىكانىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىشى مۇقەررەر دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئۇ 1939 ـ يىلى دۆلەت مەجلىسىدىن ئەنگلىيەگە قارىتىلغان قورال سېتىش ئېمبارگوسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇنداقلا،ئۇ يەنە ئامېرىكانىڭ چوقۇم «دېموكراتىيەنىڭ ئۇلۇغ قورال ـ ياراغ ئامبىرى»غا ئايلىنىشى كېرەكلىكىنى جاكارلاپ، ئامېرىكادىكى قورال ـ ياراغ كارخانىلىرىنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا چاقىرغانىدى. ئەمدى بولسا، پرېزىدېنت بۇ مەسىلىنى خەلقنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۆز نۇتقىنى ھىتلېرنىڭ «مەيلى قورال ئارقىلىق، ياكى ھىلىمەم (ئۇرۇشقا قاتناشماي) تىنچلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان

دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغۇچىلارنىڭ زەھەرخەندە تەشۋىقاتلىرىنى مەخپىي تارقىتىش ئارقىلىق، دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئۇسۇلى»غا قاراتقان ئۇرۇشى توغرىسىدىكى دراماتىك ھەقىقەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش قورالى سۈپىتىدە ئىشلەتتى. روزۋېلتنىڭ بۇ نۇتقىدا يەكىكچىلىكنىڭ (isolationism) خەتىرى تەكىتلەندى. ئۇ ھەتتا تەخىرسىزلىكنى يۇمۇرىستىك تۈستە بايان قىلىپ: «بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، كۆڭلىمىزنىڭ يۇمشاقلىقىدىن پەخىرلىنىشىمىز مۇمكىن. ئەمما <يۇمشاقباش>لىقنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ ئېغىردۇر».

نۇتۇقنىڭ ئاخىرلىشىش مىنۇتلىرى ئۇنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتى بولۇپ، بۇ چاغدا روزۋېلت: «بىز بىخەتەرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقچى بولغان كەلگۈسى كۈنلەردە، تۆت تۈرلۈك زۆرۈر كىشىلىك ئەركىنلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان دۇنيا قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى ۋە بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك رەتكە تۇرغۇزدى:

سۆز ۋە پىكىر ئەركىنلىكى

ھەركىمنىڭ ئۆزى خالىغان شەكىلدە تەڭرىگە ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىكى

موھتاجلىقتىن خالىي بولۇش ئەركىنلىكى

قورقۇنچتىن ئەمىن بولۇش ئەركىنلىكى

روزۋېلت تارتىۋېلىنىسا بولمايدىغان مەزكۇر ئەركىنلىكلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ، بۇلارنىڭ پەقەت ئامېرىكالىقلارغىلا خاس ھوقۇقلار ئەمەسلىكىنى تەكىتلىدى. بۇلار ھەر بىر دۆلەتتىكى ھەر بىر ئادەم بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلىك ھوقۇق ئىدى.

تولىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئەمما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان مەزكۇر خىتابنامە ھازىر «تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىك نۇتقى» دەپ ئاتالماقتا. مەزكۇر نۇتۇق بىر قاتار جەھەتلەردە بېشارەت خاراكتېرلىك بولۇپ، روزۋېلت ئۆزىنىڭ ئۇشبۇ كەلگۈسى تەسەۋۋۇرىنى بايان قىلىپ، 11 ئايدىن كېيىن، يەنى 1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونلار «مەرۋايىت پورتى» (پېئارل خاربور)نى بومباردىمان قىلدى. ئامېرىكا ئۇرۇشقا (يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا) رەسمىي قاتنىشىپ، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ يادروسى بولغان ئەركىنلىكنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، روزۋېلتنىڭ «تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىك» ئۇقۇمى ئاتلانتىك ئەھدىنامىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئۇلىغا ئايلاندى.

روزۋېلت دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇنىڭ سۆزىدە «ئامېرىكا ئۆز ئالدىغا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ» دېگەن

قاراشقمۇ رەددىيە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ: «بۇنداق ۋاقىتلاردا، ھەرقانداق بىرەيلەننىڭ تەييارلىقسىز، يەنە تېخى بىر قولى ئارقىسىغا باغلانغان ئامېرىكانى پۈتۈن دۇنياغا تاقابىل تۇرالايدۇ دەپ قارىشى گۆدەكلىك، شۇنداقلا خىيالپەرەسلىكتۇر» دېگەن. ئەكسىچە، ئۇ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ۋە مەسىلىلەرنى تىنچ سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان خەلقئارالىق تەرتىپ ئورنىتىشقا چاقىرىق قىلغانىدى.

ئامېرىكا ھېلىھەم «تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىك» ئۇقۇمى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن پرىنسىپلارنى ياقلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلگەن. ئەمما، دۇنيا تۈپتىن ئۆزگەردى. بۈگۈنكى دۇنيا تامامەن يەر شارىلاشقان ۋەزىيەتتە، بىز قېلىپلاشتۇرۇلغان، پرىنسىپال سىستېمىنىڭ پارچىلىنىشىغا ۋە ۋەيران بولۇشىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز. يەرشارىدىكى پۇل ۋە تەسىر ئېقىمىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن ھەر قانداق ئادەم ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە رىقابەتچى دۆلەتلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، جىنايەت گۇرۇھلىرى ۋە تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆزئارا گىرەلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە رىقابەتلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پايدا، ھوقۇق ۋە كونترول ئۈچۈن چەكلىمىسىز جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ.

ھېچقانداق بىر دۆلەت «تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىك»كە خىتايدەك شىددەتلىك قارشى تۇرمايدۇ، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر دۆلەت ئۆزى ۋەيران قىلماقچى بولغان قائىدە - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەر شارىلاشقان سىستېمىغا بۇ قەدەر پارازىتلارچە بېقىنىپ، ئۇنىڭ «قېنى»نى شوراپ باقمىدى.

موھتاجلىقتىن خالىي بولۇش ئەركىنلىكى، يەنى ئىقتىسادىي مۇقىملىقنى روياپقا چىقىرىش ئىقتىدارى خىتاي كومپارتىيەسى ئۆز خەلقىگە بېرەلەيدىغان بىردىنبىر نەرسىدۇر. گەرچە («موھتاجلىقتىن خالىي بولۇش»تىن ئىبارەت) بۇ ئالاھىدە ئەركىنلىك غەربتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم پرىنسىپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ھەرگىزمۇ بىردىنبىر كىشىلىك ھوقۇق دەپ قارىۋېلىشقا بولمايدۇ. سۆز، ئېدىيە، دىن، مەتبۇئات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئەركىنلىكنىڭ قىممەتلىك ئۇل - ئاساسلىرى خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن دۈشمەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار ھەتتا پارتىيە ماتېرىياللىرىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈن تەھدىت دەپ كۆرسىتىلگەن.

ھەمدە بۇ بىزنى روزۋېلت ئوتتۇرىغا قويغان «تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىك»نىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان «قورقۇنچتىن ئەمىن بولۇش ئەركىنلىكى»گە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. گەرچە خىتاي كومپارتىيەسى ھەمىشە تاشقى دۇنياغا «دوستانە، تەڭ پايدا ئېلىشنى خالايدىغان» تۈتۈمنى ئىزھار قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز دۆلىتىنى قانۇن بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋەھىمە بىلەن باشقۇرىدۇ. ئۇ پۇقرالارنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي رەۋشتىكى ئېدىيە، ھەرىكەت ۋە پىكىر ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى قىلسا بولىدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى قىلسا بولمايدىغانلىقى» توغرىسىدىكى ھاكىمۇتلەق ئەندىزىسىنى (پۈتۈن دۇنياغا) ئېكسپورت قىلىشقا ھېرىسلىقىدا شەك يوق. ئۇ رەقەملىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز پۇقرالىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي تاراتقۇ يوللانمىلىرىنى، كىشىلەرنىڭ نېمىلەرگە «ئالقىش» بەرگەنلىكىنى، نېمىلەرنى سېتىۋالغانلىقىنى ۋە ئېلخەتلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى نازارەت قىلىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى ــــ ياكى ئالدىمىزدىكى بەتلەردە بۇنىڭ دەلىللىرى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئېنىق بولۇشى كېرەككى، خىتاي كومپارتىيەسى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خۇسۇسىي سانلىق مەلۇماتلارنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

خىتاينىڭ يەر شارىۋى تەسىر كۆرسىتىش مۇجادىلىسىنى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدامچىلىقنى، ئوغرىلىقنى، پارا بېرىشنى ۋە باستۇرمىچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئىدىئولوگىيەلىك ئەسەبىيلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، روزۋېلتنىڭ سۆزىنىڭ تەكرارلاشقا ئەرزىيدىغان بىر بۆلىكى بار. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ تەھدىتى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانىدى، ئەلۋەتتە.

دۆلىتىمىزنىڭ ۋە دېموكراتىيەمىزنىڭ كەلگۈسى ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ چېگرامىزنىڭ سىرتىدىكى ۋەقەلەرگە زور دەرىجىدە باغلىنىشلىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىش ئىلكىدە مەلۇم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايقىدىم.

دېموكراتىك مەۋجۇتلۇقنى قوراللىق كۈچ ئارقىلىق قوغداش مۇجادىلىسى ھازىر تۆت قىتئەدە داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. ئەگەر بۇ مۇداپىئە ھەرىكىتى مەغلۇپ بولسا، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ بارلىق نوپۇسى ۋە بارلىق بايلىقلىرى بويسۇندۇرغۇچىلار تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، بۇ تۆت قىتئەدىكى نوپۇس ۋە بايلىق غەربىي يېرىم شارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ۋە پۈتكۈل بايلىقىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ.

بۈگۈنمۇ ئەينى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش دراماتىك ۋەزىيەت مەۋجۇت. بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر بىزنىڭ خىتايغا قاراتقان مۇداپىئەمىز مەغلۇپ بولسا، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكانىمۇ «بويسۇندۇرغۇچىلار تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان» قىتئەلەر تىزىملىكىگە قوشۇپ قويىسىڭىز بولىدۇ. بۇ بۆلەك بۈگۈنكى كۈندە ئوخشاشلا مۇھىم، چۈنكى خىتاينىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا قاراتقان باستۇرمىچى مۇئامىلىسىنى «كېيىنكى ناتسىزم»دىن باشقا ئىبارە بىلەن سۈپەتلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ دىنىنى چەكلىشى، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى ۋە تىبەت بۇددىستلارنى نازارەت قىلىشى ۋە تۈرمىگە سولىشى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ئۆز پۇقرالىرىنى نازارەت قىلىشى، ئۆكتىچىلەرنى تۈرمىگە سولىشى، دۆلەتنىڭ ھەممىدىن ئالىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى زىيادە تەكىتلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھىتلېرنىڭ دۇنيانى تىزگىنلەش تەسەۋۋۇرىنىڭ يېڭىلانمىسىدۇر. بىردىنبىر

ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، خىتاي «چاقماق تېزلىكىدىكى ئۆرۈش»، ھەربىي كۈچ ۋە «يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى»نىڭ ئورنىغا، ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىش، قانۇنسىز تېخنىكا يۆتكەش، تور تاجاۋۇزچىلىقى، ئۇل مۇئەسسەسە كونتروللۇقى، سىياسىي ھىيلە ـ مىكىر ۋە ھەربىي ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئاغدۇرمىچىلىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلىق ۋە «ئىستېلاچىلىق» قىلماقتا.

خىتاينىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇشىنى توختىتىش پۈتۈن ئامېرىكادا، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىتتىپاقداشلىرىمىز بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە «ئەركىنلىكنىڭ كەلگۈسى خەتەر ئىچىدە» دېگەن نۇقتىغا مەركەزلىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمما، بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۈنىڭغا ئۆز زېمىنىمىزنىڭ ئىچىدىن باشلاپ تاقابىل تۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.

مېنىڭچە بىزنىڭ ھەرىكەت قىلىشقا ئۈچ يىللا ۋاقتىمىز قالدى. ئەگەر بىز خىتاينىڭ مۇرەككەپ تەسىر كۆرسىتىش مۇجادىلىسى تورىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىساق، (خىتايغا) مەبلەغ سېلىشنى تىزگىنلىيەلمىسەك ياكى ئۇل مۇئەسسەسە مەسىلىلىرىمىزنى ھەل قىلالمىساق؛ ئەگەر بىز پۇقرالىرىمىزنى ئەھمىيەتلىك خىزمەت بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى قوغدىمىساق ياكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە مەخپىيەتلىكىگە خىتاي شۇلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەنچىلىك قىزغىنلىق بىلەن كاپالەتلىك قىلمىساق؛ ئەگەر بىز خىتاي بىلەن سودا قىلىۋاتقان شىركەتلەرنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن قوغدىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «چەتئەل ئىگىلىك ھوقۇقى كەچۈرۈم قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزمىسەك؛ ئەگەر دۆلەت مەجلىسى ۋە ئالىي سوت مەھكىمىسى نەق پۇللارنىڭ سايلىغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قانۇنلارنى قايتا كۆزدىن كەچۈرمىسە، بىز خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى سىياستىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىمىز ـ دە، ئاخىرىدا «ئۆز تۇرلۇك ئەركىنلىك»تىن مەھرۇم قالىمىز.

خىتاينىڭ بۇگۈنكە قەدەر قىلغان ھەرىكەتلىرى ئالدامچىلىق تورىغا يوشۇرۇنۇپ كەلدى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ مەلۇم بىر تۆۋەنكى يازمىسىنى ئالقىشلىغانلىقى ئۈچۈن ئىشتىن بوشىتىلغانلىقى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەبلەغ سالغان تاراتقۇ («ئامېرىكا ئاۋازى»)نىڭ ئىختىلاپلىق رەۋىشتە جىمىقتۇرۇلغانلىقى، دۆلەت مەجلىسى ئەزاسىنىڭ خىتاينىڭ تىبەتتىكى قىلمىشلىرىنى پەردازلاش ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىقى قاتارلىق مىساللار توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرۈڭ. ئەمما، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكاغا قارشى بۇ خىل ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى كۆنسېرى روشەنلەشمەكتە. ئاخىرىدا، سىياسىيونلىرىمىز خىتاينىڭ سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە بىنورماللىشىدۇ ـ دە، (خىتاينى توسۇپ تۇرالايدىغان) توسما يېرىلىدۇ. شۇنداق، نۆۋەتتە ئامېرىكانىڭ ئاساسىي قانۇنى ئانچە ـ مۇنچە كارغا كېلىدۇ. ئەمما مەزكۇر ئاساسىي قانۇن كاپالىتىنىڭ كارغا كېلىشى «سىياسىي تەرتىپلەرنىڭ خىتاينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى ۋە تىزگىنىگە چۈشۈپ قالماسلىقى»نى ئالدىنقى

شەرت قىلىدۇ. كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، خىتاي ئۆزى كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ.

بىزنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىمىز نۇرغۇن جەھەتلەردە ئالىلقاچان مۇرەسسە قىلىپ بولدى. مەن بۇلارنى پىرىنسىپسىزلىقتىن ئەيىبلىمەيمەن. ئامېرىكا بىلەن ئۆزىدىن بىرقانچە ئۈستۈن ئىقتىسادقا ئىگە دۆلەتلەر يېرىمۇ يېرىم مۇرەسسە قىلىپ بولدى. مەن بۇلارنى پىرىنسىپسىزلىقتىن ئەيىبلىمەيمەن.

بىزنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىمىز نۇرغۇن جەھەتلەردە ئالىلقاچان مۇرەسسە قىلىپ بولدى. مەن بۇلارنى يېزىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، جوۋ بايدىن 2020 ـ يىلىدىكى پرىزدېنتلىق سايلىمىغا ھازىرلىنىۋاتىدۇ. ئۇ خىتاي توغرىسىدا، (خىتايغا) مەبلەغ سالغۇچى ئوغلى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرانىڭ نەقەدەر ئېنىق ئىكەنلىكى ھەققىدە نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ گەپلەرگە چوقۇم قاتتىق گۇمانىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك. مەن بۇلارنى بايدىنغا بولغان ئالىي ئېھتىرام بىلەن دەۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ئامېرىكانى سېتىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئەمما، مەن ئۇنىڭ ۋاشىڭتوندىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، خىتاينىڭ ئاخىرقى ئويۇنى، شۇنداقلا تېخنىكىغا ۋە سىياسىي كۈچكە ئېرىشىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈلتۈرىمىزدە قانداق يىلتىز تارتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا خاتالاشقانلىقىغا ئىشىنىمەن. بولمىسا ئۇ ئوغلىنى خىتاي بانكىسى (Bank of China) مەبلەغ سالغان مەبلەغ فوندىغا رەھبەرلىك قىلماسلىقىقا ئۈندىگەن بولاتتى. ھەركىمنىڭ مېنى تىغ ئۈچىنى دېموكراتچىلارغىلا قارىتىۋاتىدۇ دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمە بابىغا مۇراجىئەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇ بابتا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان كېڭەش پالاتاسى رەھبىرى مىچ ماككونېل (Mitch McConnell) ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتە قاتناش مىنىستىرى بولغان ئايالى ئېلېين چاۋ (Elaine Chao) توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بايدىنىڭكىدىن تېخىمۇ قويۇق ۋە گۇمانلىق. مەيلى كىم ئامېرىكا پرىزدېنتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئەڭ دوستانە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك. خىتاي كۈلۈمسىرىگىنىچە سىزگە سوۋغات تەڭلەپ، ئارقىدىن سىزنى قاقسەنەم قىلىپ قويىدىغان دۆلەتتۇر. كىلىنتون بىلەن گور، بۇش بىلەن چېنىي، ئوباما بىلەن بايدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا دەل ئاشۇنداق ئىش يۈز بەردى. بىز (خىتايدىن كېلىدىغان) نەيرەڭۋازلىقنى ۋە تەھدىتنى چۈشىنىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلالايدىغان رەھبەرلەرگە موھتاج.

2020 ـ يىلىدىكى پرىزدېنتلىق سايلىمى (ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى) ھوقۇق تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەشنىڭ، جۇملىدىن ئامېرىكانى قايتا قۇرۇش ۋە غەربنى، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل دۇنيانى «تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىك»نىڭ تىلغا ئېلىنىشىغىمۇ يول قويۇلمايدىغان ھاكىممۇتلەق كەلگۈسىدىن ساقلاپ قېلىشنىڭ پۇرسىتىدەك كۆرۈنمەكتە. ئەمەلىيەتتە بۇ ئامېرىكا ئۈچۈن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قارارى سەۋەبلىك ۋاز كېچىلگەن ياسىمچىلىق ساھەسىنى، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشنىڭ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ غايەت زور پۇرسىتىدۇر. سىياسەت نۇقتىسىدىن، خىتاينى دۆلەت مەسىلىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئىختىرا، ئىدىيە، ئۈچۈر ۋە كاپىتاللىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئۆتكەن قىرىق يىلدا ئامېرىكانى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا راۋۇرۇس كارغا كېلىدۇ.

تۆپ يىلتىزىدىن ئېيتقاندا، بىز تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك ئۇللۇق ئۇقۇمنى يېتەكچى قىلغان ئومۇمىي ئىستراتېگىيەگە موھتاج:

1. پىرىنسىپلارنى يېتەكچى قىلىش - ئامېرىكا «تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىك»نى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، (خىتاي باشچىلىقىدىكى رەزىل كۈچلەرنىڭ) جەمئىيىتىمىزگە ۋە ئىقتىسادىمىزغا كىرىشىنى توسۇش ياكى ئۇنى سۈيىئىستېمال قىلغانلارنى بىۋاسىتە جازالاش ئارقىلىق، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆز ئالدىغا، قادىر بولالىغاندا كۆپ تەرەپ ئورتاق ھالدا خەلقئارا سودا سىستېمىسىنىڭ قائىدىلىرى ۋە ئۆلچەملىرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. بىز ئەركىن بازار پىرىنسىپى بىلەن دېموكراتىك قائىدىلەرنى قايتىدىن بىرلەشتۈرىمىز.

2. ئامېرىكانى كۈچلەندۈرۈش - دۆلەتنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى چوقۇم قايتىدىن بەرپا قىلىنىشى، ھەربىي ئەۋزەللىك قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈلۈشى، چېگرا بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى ۋە خەلقكە كۆڭۈل بۆلۈنۈشى، ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيەمىزنىڭ تىزگىنى چوقۇم ئۆز قولىمىزغا ئۆتۈشى كېرەك.

3. رىقابەت ئۈچۈن تەشكىللىنىش - 21 - ئەسىر ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچۈر ۋە رەقەم دەۋرىگە تولۇق سىڭىپ كىرىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ھۆكۈمەت قانچىلىك بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر، يېڭىلىق يارىتىش ساھەيىمىزنى قوللىشى ۋە قوغدىشى كېرەك. ئۇ چوقۇم رەقەملىك ئوغرىلىق، ئوغرى نەشىر، مالىيەدىن قالايمىقان پايدىلىنىش ۋە باھالاش قويمىچىلىقىنى بايقىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇ چوقۇم سانائەت ساھەيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خۇسۇسىي تارماقلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىشى كېرەك.

4. خەلقئارا تەرتىپنى قايتا ئورنىتىش - «تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىك»نى تۈۋرۈك قىلغان پىرىنسىپال تەرتىپنى تەشەببۇس قىلىش تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا توغرىدۇر. لېكىن، مەسىلە شۇكى، بۈگۈنكى خەلقئارالىق تەرتىپ (خەلقئارادىكى) تەرتىپنى ساقلاش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. ئەركىن دۇنيانىڭ ئىختىراسى، ئىدىيەسى، ئۈچۈرلىرى ۋە مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان قوراللار چوقۇم مەڭگۈلۈك تىنچلىق توغرىسىدىكى يېڭى ئورتاق تونۇشنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان ئورتاق نازارەت ۋە ئىجرائاتقا ئىشلىتىلىشى كېرەك.

ھۆكۈمىتىمىز، سىياسىي پارتىيەلىرىمىز بىرلىكتە تىرىشىشى كېرەك. بۇ پارتىيە ھالقىغان مەسىلىدۇر. بۇ قايسى پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئەمەس. مەن ئامېرىكانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نامزاتلارنىڭ روزۋېلتنىڭ نۇتقىدىكى بۇ بۆلەكنى ياخشىراق ئوقۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەزكۇر نۇتۇقتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئامېرىكانىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بولۇپمۇ «پارتىيە تەۋەلىكىنى ئويلاشماي» ئىبارىسىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق سىياسىي بۆلۈنمىچىلىكنى ئەيىبلىگەنىدى. تۈزۈلگۈسى خىتاي ئىستراتېگىيىسى پىرىزدېنت، كېڭەش پالاتاسى، ئاۋام پالاتاسى، ئالىي سوت ۋە ئامېرىكا خەلقى تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنىشى كېرەك.

ئۆل مۇئەسسەسە بەرپا قىلىش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىش، دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان مۇئەييەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكادا ئىشلەپچىقىرىلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت خىزمەت پۇرسىتى ۋە تېخنىكىلىق ئىختىرالارغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. سىياسەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر بىزگە مىللىي دارامەت ئېلىپ كېلىدۇ. ياسىمچىلىقنىڭ دۆلەت ئىچىگە قايتىپ كېلىشى يەرلىك ئىقتىسادنى قايتىدىن جانلاندۇرىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتئەللەردە ئەمگەك چىقىمى ئۈچۈن پۇل خەجلەشنىڭ ئورنىغا، شۇ پۇللار (ئامېرىكادىكى) يەرلىك ئىشچىلارنىڭ مائاشىغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىر قىسمىدىن باج ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلىش خاتا ئەمەس! چۈنكى، ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئۆل مۇئەسسەسە بەرپا قىلىش ۋە ئارمىيەمىزنى قايتا قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ («قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا» ئەمەسمۇ؟!، ت).

كىشىلەر «جەڭنىڭ چىقىمى ئېغىر»لىقتىن ئىبارەت رېئاللىقنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. روزۋېلت بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنىدى:

مەن شەخسلەرنى قۇربانلىق بېرىشكە چاقىرىمەن. شۇنداقلا، مەن ھەممە ئامېرىكالىقنىڭ دېگۈدەك بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇشقا ھازىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

قۇربانلىق تېخىمۇ كۆپ باج تاپشۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن ئالدىمىزدىكى مالىيە خامچوتى پىلانىمىدىمۇ دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنى ھازىرقىدىن تېخىمۇ يۇقىرىلىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. ھېچكىم بۇ خامچوت ئارقىلىق ئۆز چۆنتىكىنى تومپايتىشقا ئۇرۇنماسلىقى ياكى ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا، چامىسىغا كۆرە باج تاپشۇرۇش پرىنسىپى بىزنىڭ قانۇن تۈزگۈزۈشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە كۆز ئالدىمىزدا بولۇشى كېرەك. ئەگەر دۆلەت مەجلىسى بۇ پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرسا، سايلىغۇچىلار ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەمىيىندىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، سىلەرنى ئالقىشلايدۇ.

شۇڭا خىتايغا قارىتىلغان تەشەببۇسكار سىياسەت سىياسىي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك جەھەتتىكى بىرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا چارىمۇ يوق. ئەمما، بۇنداق قىلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن «تىجارەت» دېگەن ئىشقا باشقىچە نەزەردە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاتالمىش «ئامانەت قەرز مەسئۇلىيىتى»گە بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى نۆۋەتتىكى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشى لازىم، شۇنداق بولغاندا ۋال كوچىسى، ئامېرىكا كارخانىلىرى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلارغا

مەبلەغ سالغۇچىلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا، زورىيىش ۋە پاي چېكى بازار قىممىتىدىن باشقىنى تونۇمايدىغان، مۇشۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىۋالىدىغان پۇل مۇئامىلە كۇلتۇرى ۋە ئېڭىنى ئۆزگەرتىدۇ.

مەن ھەرگىزمۇ نۇقتىسىدىن تىجارەت قائىدىلىرى ۋە مۇددىئاسىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتەيلى دېمەكچى ئەمەس. ئەكسىچە، مەن «خىتايغا مەبلەغ سېلىش مۇشۇككە بەز تاشلاپ بەرگەندەكلا ئىش بولۇپ، ئۇ پۇللارنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىد يوق» دېمەكچى. خىتايدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمىغان تەقدىردە، خىتايغا مەبلەغ سېلىش پۇلنى ئىسراپ قىلغانلىق بولۇپلا قالماستىن، ئامېرىكادا ئامېرىكا كارخانىلىرى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان خىتاي كارخانىلىرىغا ھەمدەمدە بولغانلىقتۇر. ئۇلار پەقەت ئامېرىكا بازىرىدا تېخىمۇ كۆپ نېسىۋە ۋە پايدىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. ھازىر (ئامېرىكالىق) مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ نەچچە مىليارد دوللار مەبلىغى خىتاينىڭ قولىدا بولۇپ، ئامېرىكاغا قايتۇرۇپ كېلىنەلمەيۋاتىدۇ. مەن خىتايدىكى پۇلنى قانداق قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ تەڭ كېچىگىچە ئۇخلىيالماس بولۇپ قالغان ھېلىقى بانكىرنىڭ ۋەقەسىنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشقانىدىم. ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغانلار يالغۇز ئۇلا ئەمەس. ئەينى يىللىرى باشلامچىلىق بىلەن خىتايغا مەبلەغ سالغان نۇرغۇن كارخانىلار، بولۇپمۇ چوڭ تىپتىكى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرمۇ نۇقتىدا ئاشۇنداق مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ كارخانىلار خىتايلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتكەن مىليون (ھەتتا مىليارد) دوللارلىغان پۇللىرىنى قايتۇرۇپ ئالالمايۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۈنىنى چىقىرىشمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئىشنى ئاشكارىلىغان ھامان پايچېكلىرىنىڭ ئۆكتە قوپۇشىدىن ۋە شۇ سەۋەبلىك پاي چېكىنىڭ كۇرسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ــ بەزىدە بەكلا چۈشۈپ كېتىشىدىن ـــ ۋايىم يەيدۇ. بىر شىركەت بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ھامان، شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىمۇ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، پايچېكلەر نەچچە مىليارد دوللار زىيان تارتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شۇ نۇقتا ئايدىڭلىشىدۇكى، خىتايغا مەبلەغ سېلىش پۇل مۇئامىلە ئامانەت قەرزى جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. ئەگەر خىتايغا سالغان مەبلەغلىرىڭىزدىن ئېرىشكەن پايدىڭىزنى خىتايدىلا ئىشەتكىلى بولسا ۋە ئۇنى يۆتكىگىلى بولىدىغان باشقا پۇل تۈرىگە ئايلاندۇرغىلى بولمىسا، ئۇنداقتا قايسىلا نۇقتىدىن قاراشتىن قەتئىينەزەر، بۇنداق «پايدا»نى پايدا دېگىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىي كۆچى زور شىركەتلەرنىڭ خىتايدىن چېكىنىپ چىقىشى كېرەكلىكىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، خىتايدا تەتقىقات، ئېچىش، ياسىمچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىق ئۆزىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى خىتايغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكتۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئۆتمۈشتىكى ئوتتۇز يىلدا كۆپ قېتىم يۈز بېرىپ، ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىنىش ياكى قوشۇۋېلىنىش توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پات ـ پاتلا ئاڭلىنىپ تۇردى. ھالبۇكى، بۇ خىل ۋەقەلەر شىركەتنىڭ بازار قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. خىتايدا (ئىقتىسادىي) مۇھىت باھالاشنىڭ ھېچقانداق ئۆلچىمى يوق، ئىشچىلارنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتىمۇ يوق. بۇ ئىككىسىمۇ شىركەتنىڭ بازار قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنداقلا، شىركەتلەر بۇ ئارقىلىق مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشلىرىغا شېرىك بولۇپ قېلىشى

مۇمكىن. يەنە كېلىپ، ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ رەزىل نىيىتىنى بارغانسېرى ئاشكارىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ شىركەتلەر مالىيە جەھەتتىمۇ خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ. چۈنكى، ئەگەر خىتايىنى «تۈزەش» ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى بولسا — چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك — ۋاقتى كەلگەندە، خىتايدا تىجارەت قىلىدىغان ئامېرىكا شىركەتلىرى خىتايدىن مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ.

ھەربىر ۋە ھەرقانداق تىجارەتتىن شېرىنكانە ئالماي بولدى قىلمايدىغان ۋال كوچىسى ۋاستىچىلىرىگە كەلسەك، ئۇلار چوقۇم خىتاي ئۈچۈن گۇپپاڭچىلىق قىلىشنى توختىتىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ۋاستىچى بولۇش سۆپىتى بىلەن ئۆز خېرىدارى ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلماي بولمايدۇ. چۈنكى، ۋۇجۇدقا چىققان ھەربىر تىجارەت ۋاستىچىلەرنى نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇڭا، ھەربىر يېڭى بازار، يېڭى شىركەت، يېڭى زايوم ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ دارامەتتىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، خىتايغا كەتكەن ھەربىر سېنت پۇل خىتاينىڭ قائىدىگە بويسۇنماسلىق خاھىشىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋېتىدۇ، شۇنداقلا غەرب دۇنياسىنى تېخىمۇ مۇقىمسىزلاشتۇرىدۇ. تۆۋەندىكى گەپنى مەن ئىلگىرىمۇ ئىككى قېتىم تىلغا ئالغاندىم. لېكىن، يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشتا زىيان بولمىسا كېرەك: ئەگەر ھازىر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى بولسا، ۋال كوچىسى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن زايوم تارقىتىپ مەبلەغ توپلار بولغىيمىدى؟ مەبلەغ سالغۇچى ئاپپاراتلار ئامېرىكالىقلارنىڭ پېنسىيە فوندى ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ زايوملىرىنى سېتىۋالار بولغىيمىدى؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن. ۋال كوچىسى شۇنى تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ئامېرىكا ھازىر خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ خېرىدارلارنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بىۋاستە ئىگىدارچىلىقىدىكى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋېلىشقا ئۈندىشى دۆشمەنگە مەبلەغ سالغانلىقتۇر. بەلكىم بۇ گەپ كۆپچىلىكنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقماسلىقى مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭ توغرىلىقىدا شەك يوق.

ئەگەر ۋال كوچىسى ئۆز ـ ئۆزىگە ھاي بەرگىلى ئۇنىمىسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى (ۋال كوچىسىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىدىغان) قائىدىلەرنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ ئەركىن بولمىغان سودا قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئامېرىكا ئاكسىيە ـ ئالماشتۇرۇش كومىتېتى، سودا مىنىستىرلىقى، ئامېرىكا مالىيە بوغالتىرلىقى ئۆلچەم كومىتېتى (FASB)، پىيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ھېساباتىنى نازارەت قىلىش كومىتېتى (PCAOB)، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى، فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئامېرىكا ئاكسىيە بازىرىدىكى قائىدىگە بويسۇنماسلىق، تور ھۇجۇمى قوزغاش، ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش ۋە ئوغرى نەشر قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىشى كېرەك. خىتاينىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلار ۋە مەبلەغ ئېقىشىنى چەكلەش، مالىيە تەكشۈرۈش ۋە بازار قىممىتىنى باھالاش جەھەتلەردە ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا نەچچە ئون يىل

بولۇپ قالدى. لېكىن، خىتاي ھەر قېتىم جازادىن ئامان قېلىپ، ھېچقانداق بەدەل تۆلىمىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئومۇمىيۈزلۈك سىياسەت تۈزۈپ، خىتاينىڭ ھەرۋاقىت، ھەرجايدا ناشايان قىلمىش سادىر قىلىدىغان خۇيىنى چەكلىشى كېرەك.

ئىسلاھ قىلىنىشقا تېگىشلىكى يالغۇز ۋال كوچىسىدىكى ۋاستىچىلەرلا ئەمەس. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى ئاپپاراتلىرى، جۈملىدىن ئامېرىكا ئارمىيەسى، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى، ئىستىخبارات ساھەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى راۋۇرۇس ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. ئۆتمۈشتىكىدەك، ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا خىتايلارغا ۋىزا بېرىدىغان ئىشلارغىمۇ خاتىمە بېرىلىشى كېرەك، ئەمدى خىتايلارغا ئۇن يىللىق ۋىزىنى خالىغانچە بېرىۋېرىشكە بولمايدۇ. بۇ خىتاي ساياھەتچىلەر ئامېرىكاغا كېلىپ، ئامېرىكادىكى ئەركىنلىككە بولغان مەپتۇنلۇقىنى ئىزھار قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈشى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوقۇم نازارەت قىلىنىشى كېرەك. گەرچە نازارەت قىلىنىش ئاڭلىماققا قورقۇنچلۇق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئامېرىكانىڭ بۇنداق قىلىشى چەتئەللىكلەرنى بوزەك قىلغانلىق بولماستىن، خەلقىنى جاسۇسلۇققا سالالايدىغان بىر دۆلەتكە پائال تاقابىل تۇرغانلىقتۇر. ئەگەر خىتاي بىر كۈنلەردە ئىللەتلىرىنى تۈزىتىپ، قائىدە - قانۇنلارغا رىئايە قىلسا، تەپتارتماستىن ئوغرىلىق قىلىشنى، چەكلىمىسىز ئۇرۇش قىلىشنى، ئۆز پۇقرالىرىنى باستۇرۇشنى تەرك ئەتسە، ئامېرىكا خىتاي خەلقىگە قارىتا كەڭرى كۆچمەنلەر سىياستى يۈرگۈزسە بولىدۇ.

شۇنداقلا، روزۋېلتنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ ئامېرىكا ئۆز ئالدىغىلا قىلالايدىغان ئىش ئەمەس. ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشىنى چەكلىسە، لېكىن ياۋروپادىكى ھەرقايسى بانكىلار داۋاملىق خىتايغا قۇچاق ئېچىپ، ئۇلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەۋەرسە، خىتاي ئۆزگىرىشكە مەجبۇر بولمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، پارىس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرمۇ خىتايغا قۇچاق ئېچىپ، داۋاملىق خىتايغا مەبلەغ سېلىۋەرسە، ئىش يەنىلا ئەپلەشمەيدۇ. شۇڭا، ئامېرىكا چوقۇم ئىتتىپاقداشلىرى ۋە دۆلەت ھالقىغان ئاپپاراتلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنى خىتاي شۇغۇللىنىۋاتقان چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك. ئامېرىكا چوقۇم ئۆزى بىلەن ئوخشاش يولدىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، ب د ت، خەلقئارا پۇل فوندى، دۇنيا بانكىسى، شۇنداقلا باشقا چوڭ تىپتىكى خەلقئارالىق ئاپپاراتلارغا خىتاينىڭ مەككارلىقى، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقى ۋە دۈشمەنلىككە تولغان جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز دەلىل - ئىسپاتلىرىنى كۆرسىتىشى كېرەك. خىتاي ئادەتتە تولىمۇ سىپايە كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەت ئۇنىڭ نىقابى بولۇپ، بۇ نىقابنىڭ ئاستىغا خىلمۇخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق خەلقئارالىق قائىدىلەرنى دەپسەندە قىلىش غەرىزى يوشۇرۇنغان. خىتاينىڭ ئاشۇنداق نەيرەڭلىرى سەۋەبلىك، ئەسلىدە ئۆزئارا باغلانغان زامانىۋى دۇنيا چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى. خىتاينىڭ بۇ نەيرەڭلىرى نوقۇل ئامېرىكانىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىش بىلەنلا چەكلەنمىدى. ھەرقانداق ئەركىن دۆلەت ئۆزىنىڭ ئەركىن جەمئىيىتىدە ۋۇجۇدقا چىققان ئىختىرا، ئىدىيە، ئۇچۇر ۋە كاپىتاللارنى خىتايغا ئوخشاش خەلقىنى ئەڭ ئەقەللىي كىشىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىشقىمۇ ئۇنىمايدىغان، چەتئەل

شركەتلىرنى ئۆز بازىرىدا ئەركىن رىقابەتلىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان دۆلەتكە بەرمەسلىكى كېرەك.

مەن بىر دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باشقا دادىلارغا ئوخشاش پەرزەنتىمنىڭ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن، كۆز ئالدىمىدىكى كەلگۈسى تەسەۋۋۇر مېنى تولىمۇ تەشۋىشلەندۈرمەكتە. مەن ھاۋا ئارمىيەسىدىن پېنسىيەگە چىققان گېنېرال بولۇش سۈپىتىم بىلەن، قايسى پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، دۆلىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قەسەم ئىچكەنمەن. مەن ھازىرغىچە بۇ قەسىمىمگە رىئايە قىلىپ كەلدىم. شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئۆتمۈشتىكى تولىمۇ ئۇزۇن بىر مەزگىلدە، مەن ئامېرىكا ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇنسۇرلاردىن بىرى ئىدىم. چۈنكى، مەن «قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي ئامېرىكاغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك تىجارەت شېرىكىدۇر» دەپ قارايتتىم ۋە شۇ سەۋەبلىك، بىر كۈنلەردە خىتاي شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ھاۋا ئارمىيەسىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆزۈم ۋەزىپە ئۆتەپ باققان خىتايغا كۆچۈپ كېتىشنى، نۇرغۇن ئامېرىكالىقلارغا ئوخشاش شاڭخەيگە بېرىپ تىجارەت قىلىپ بېيىپ كېتىشنى پىلانلىغانىدىم. ھېلىمۇ ياخشى بۇ پىلانىدىن يالتىيىپ قالغانىكەنمەن. مەن ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، ئامېرىكا جەمئىيىتىنى تەنقىدلىگەنلەرگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتىم ۋە ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چوڭ كارخانىلاردىن ياكى فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىدىن مەنبەلەنگەن، دەپ قارايتتىم.

لېكىن، مەن ھازىر بۇ ئىشلارغا بىپەرۋا مۇئامىلە قىلماس بولدۇم. ئامېرىكا ئۆتمۈشتە ئىزچىل پايدىنىلا كۆزلەپ، باشقا ھەممە نەرسىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى. خۇددى مەزكۇر كىتابنىڭ دەسلەپكى بابلىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، لوندون ۋە نيۇيوركتىكى، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىشىلەر خىتايدىكى قۇللۇغا ئوخشاش ئىشلىتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ئەرزان باھالىق مەھسۇلاتلارنى (شۇ سەۋەبلىك خىزمىتىدىن مەھرۇم قالغان) ئىشسىزلارغا سېتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، خىتاي پايدىنىلا قوغلىشىدىغان، تويماس، پايچېكلەرنىڭ ھەمىيىنىنى تومپايتىشتىن باشقا ئەقىدە ـ ئېتىقادى يوق غەرب دۇنياسىنىڭ پۇلىنى تېپىشقا باشلىدى ۋە بۇ يۈزلىنىش بارغانسېرى ئەۋج ئالدى.

ئەگەر بۇ يامانلىقلارنى باشلىغۇچىنى ئەيىبلەشكە توغرا كەلسە، بىر تالاي كىشى ئەيىبكە لايىق چىقىدۇ. لېكىن، مەنچە مۇھىمى ئاللىكىملەرنى ئەيىبلەش ئەمەس، بەلكى مەسىلىنى ھەل قىلىشتۇر. ئەگەر مەزكۇر كىتابتا خىتاينىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن قىسمەن جايلاردا بەزى سىياسىيونلارنىڭ ياكى كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ياكى ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسا، بۇ شۇ ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ قانداقسىغا بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ تەقەززاسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ھەم مېنىڭ ئۆلاردىن (يەنى

مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ياكى ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان سىياسىيون ياكى كارخانىلاردىن) پەۋقۇلئاددە ئۈمىدسىزلەنگىنىمنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئەگەر ئايىغى ئۈزۈلمەس پاي چېكى ۋە زايوم ئېلىم - سېتىمى ئارقىلىق بازار ئېچىش، پايچېك قىممىتى يارىتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلار (بىز ئۈچۈن) تەڭرى ئاتا قىلغان ئەركىنلىكنى، كىشىلىك ھوقۇقنى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىنمۇ مۇھىم بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ئامېرىكا ناھايىتى تەس كۈنگە قالدى دېگەن گەپ.

مەن بۇ كىتابنىڭ ئامېرىكادىكى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا، شۇنداقلا ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدىغان ئەللەردىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىشىنى، ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسىنى ۋە پىرېزىدېنت روزۋېلت ئوتتۇرىغا قويغان تۆت تۈرلۈك ئەركىنلىكنى قەدىرلىشىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، مەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

ئۇشبۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن، ئامېرىكا ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ ئەستايىدىل بولۇشى، تېخىمۇ تېز ۋە زېرەكلىك بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، مەزكۇر ئەركىنلىك تۈپرىقىنى قوغدىشى كېرەك. مەن چوقۇم بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. لېكىن، ئامېرىكا رەھبەرلىرى چوقۇم رەقىبلىرىمىزنىڭكىدىن تېخىمۇ تەشەببۇسكار تاكتىكا قوللىنىشى، شۇنداقلا بارلىق ئامېرىكالىقلار كۆز ئالدىدىكى بىردەملىك مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، مال باھاسىنىڭ بىر مەھەل ئۆسۈپ كېتىشىگە ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. بۇ كەلگۈسى ئەركىنلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن قۇربانلىقتۇر.

ماڭا نىسبەتەن، بۇنداق قىلىش - قىلماسلىق ئويلىشىپ ئولتۇرىدىغان مەسىلە ئەمەس. چۈنكى، بىزنىڭ پەقەت تاكى خىتاي ئۆزىنىڭ تىنىمسىز تاجاۋۇز قىلمىشلىرىدىن ۋاز كەچكەنگە قەدەر مەزكۇر ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىرلا يولىمىز بار. بىز قانداق بەدەل تۆلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم خىتاينىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق، قولىمىزدىكى بىرەر كىتاب سەۋەبلىك قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىپ قولغا ئېلىنىدىغان بىر جەمئىيەتتە ياشاشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويساق بولىدۇ. بۇ كىتاب قۇرئان، ئىنجىل ياكى «ئېيىقچاق ۋىنى» بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، قولغا ئېلىنىش سەۋەبى زادى نېمە؟ بۇ تولىمۇ ئاددىي، سىز ئوقۇغان شۇ كىتاب ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە سىغمىغان!!! دېمەك، ۋاقتى كەلگەندە، بىز خىيال قىلىش ئەركىنلىكىمىزدىنمۇ مەھرۇم قىلىنىمىز.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

(كىتابنىڭ تەرجىمىسى ئاخىرلاشتى)




# G7 ئۇچرىشىشىنى تونۇشتۇرۇش

# G7 ئۇچرىششىنى تونۇشتۇرۇش

**BBC**

دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كورنۋال (Cornwall) شەھرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈچ كۈنلۈك G7 باشلىقلار ئۇچرىششىدا بىر يەرگە جەم بولدى.

G7 ئۇچرىششىغا قاتناشقان رەھبەرلەرنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا پرېزدېنتى جوۋ بايدىن، گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئەنجېلا مېركىل ۋە فرانسىيە پرېزدېنتى ئېممانۇئېل ماكرون قاتارلىقلار بار.

## G7 دېگەن نېمە؟

G7 دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەپ قارىلىدىغان يەتتە ئىقتىسادى گەۋدىنىڭ باشلىقلار ئۇچرىششىدۇر. G7 دۆلەتلىرى ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، ئەنگلىيە ۋە كانادادىن ئىبارەت.

بۇ دۆلەتلەر 2018 ـ يىلى يەر شارىدىكى ساپ مۈلۈكنىڭ 58 پىرسەنتىگە ساھىب ئىدى.

رۇسىيە 1998 ـ يىلى مەزكۇر يىغىنغا قوشۇلۇپ G8 نى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما 2014 ـ يىلى قىرىمنى يۇتۇۋالغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ قاتاردىن چىقىرىۋېتىلگەن.

گەرچە خىتاينىڭ ئىقتىسادى كۈچلۈك ۋە نوپۇسى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ بولسىمۇ، خىتاي ئەزەلدىن بۇ يىغىنغا ئەزا بولۇپ باقمىغان. خىتاينىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پاراۋانلىق سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، G7 ئەزالىرىغا ئوخشاش تەرەققىي تاپقان ئىقتىسادىي گەۋدە دەپ قارالمايدۇ.

ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىمۇ G7 باشلىقلار يىغىنىغا دائىم قاتنىشىپ تۇرىدۇ. بۇ يىل ھىندىستان، كورhيە ۋە ئاۋىستىرالىيەمۇ بۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىندى.

## G7 باشلىقلار يىغىنى نېمىشقا ئەنگلىيەدە ئۆتكۈزۈلدى؟

ئەنگلىيە بۇ يىلقى G7 دىكى رەئىس دۆلەت بولغاچقا، شۇڭا باشلىقلار يىغىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلدى.

1 ـ ئايدىلا يىغىننىڭ كورنۋالدىكى كاربىس قولتۇقى مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغانىدى.

بۇ رايون ئەنگلىيەنىڭ يېشىل تېخنىكا ساھەسىنىڭ مەركىزى دەپ قارىلىدۇ. بۇ يىل 11 ـ ئايدا گلاسگوۋدا ئۆتكۈزۈلىدىغان COP26 كىلىمات يىغىنىدىن ئىلگىرى، دۆلەتنىڭ يېشىللىق جەھەتتىكى لاياقىتىنى نامايان قىلىش ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

## G7 نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟

G7 دۆلەتلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى يىل بويى ئۆزئارا يىغىن ئۆتكۈزىدۇ، كېلىشىم ئىمزالايدۇ ۋە دۇنياۋى مەسىلىلەر توغرىسىدا بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىدۇ.

بۇ يىلقى باشلىقلار يىغىنىدىن ئىلگىرى، G7 دۆلەتلىرىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىرى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ باج تاپشۇرۇشى كېرەكلىكى خۇسۇسىدا بىرلىككە كەلگەنىدى.

رەھبەرلەر بۇ ئۇچرىشىشتا يەنە شۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق دۇنياۋى مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ پىكىر ئالماشتۇرىدۇ.

## بۇ يىلقى كۈنتەرتىپتە نېمىلەر بار؟

بۇ يىلقى باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىغا قارشى تۇرۇش بولۇپ، «ھەممىمىزنى كەلگۈسى يۇقۇمدىن ساقلىيالايدىغان كۈچلۈك دۇنيا سەھىيە سىستېمىسى» بەرپا قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۈنتەرتىپتە كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە تىجارەتمۇ بار.

يىغىندا ئامېرىكا پرېزىدېنتى بايدېننىڭ ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بورىس جونسون ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئەنگلىيە ـ ياۋروپا سودا تالاش ـ تارتىشىنىڭ شىمالىي ئىرېلاندىيەنىڭ تىنچلىقىغا

قانداق تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەندىشىلىرى ھەققىدە سۆزلىشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەتىگەندە، مېھمان دۆلەتلەر بىلەن رەسمىي ئۇچرىشىش باشلىنىدۇ.

سۆھبەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېپىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسىمۇ، رەھبەرلەرنىڭ ئوپچە رەسىمگە چۈشۈشى دېگەندەك، تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنىدىغان بەزى پەيتلەرمۇ بار.

باشلىقلار يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ساھىبخان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن باياناتى ئېلان قىلىدۇ. بۇ رەھبەرلەر چىقارغان قارارلارنىڭ خۇلاسىسى بولىدۇ.

## نامايىشلار ئۆتكۈزۈلەمدۇ؟

ختاي ۋىرۇسى چەكلىمىسى سەۋەبىدىن بۇ يىل نامايىش ئۆتكۈزۈش ۋە ساقچىلارنىڭ تەرتىپ ساقلىشى بىردەك تەسكە توختايدۇ.

تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن، دېۋون ۋە كورنۋالدىكى 1500 ساقچىدىن باشقا يەنە 5000 ساقچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

نامايىشچىلارنىڭ يىغىن ئورنىدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېكسېتېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت رايوندا نامايىش قىلالايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

ساقچىلار ئۆزلىرىنىڭ «بارلىق نامايىشلارنىڭ پەقەت مۇشۇ تۆت رايوندىلا ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان دەرىجىدە گۆدەك ئەمەس»لىكىنى بىلدۈردى.

كىلىمات پائالىيەتچىلىرى گۇرۇپپىسى «نەسلى قۇرۇتۇلۇشقا قارشى ئىسيان» (Extinction Rebellion) پىلىماۋۇستىن كاربىس قولتۇقىغا يۈرۈش قىلىش قاتارلىق بىر قاتار نامايىشلارنى پىلانلىدى.

## G7 نىڭ ئەمەلىي چەكلەش كۈچى بارمۇ؟

G7 دۆلەتلىرى ئۆزلىرىگە خاس دېموكراتىك تەرتىپى بار ئايرىم دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن، باشلىقلار يىغىندا ھېچقانداق قانۇن ماقۇللىيالمايدۇ.

ھالبۇكى، ئۇلار چىقارغان بەزى قارارلار يەرشارى خاراكتېرلىك تەسىر قوزغىيالايدۇ.

مەسلەن، G7 دۆلەتلىرى 2002 ـ يىلى بەزگەك ۋە ئەيدىزگە قارشى تۇرۇش فوندى تەسىس قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

بۇ يىلمۇ باج كېلىشىمىنىڭ كەڭ دائىرىلىك نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ئۈمىد قىلىنماقتا.

ئەمما، G7 دۇنيادىكى ھىندىستان بىلەن خىتايدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاچقا، «دەۋر ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بىر مېخانىزم» دەپ تەنقىدلەنمەكتە.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

**https://www.bbc.com/news/world ـ 49434667**



# ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

# ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشت بەرقى

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشت بەرقى تىرىشچان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت، شېئىرىيەت، ئەدەبىيات تەتقىقاتى، پېداگوگىكا، پەلسەپە، ئەخلاقشۇناسلىق قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردە قەلەم تەۋرەتكەن، ئوت يۈرەك زىيالىيلاردىن بىرىدۇر.

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشت بەرقى 1973 ـ يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيسىدە تۇغۇلغان. ئالىي مەكتەپنى ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. كېيىن ئاتالمىش شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشقا چۈشكەن.

شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ئابلەت ئابدۇرېشت بەرقى 2014 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە ئىسرائىلىيە خايفا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە 2 يىللىق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئىسرائىلىيەدىكى ئوقۇش ۋە تەتقىقات جەريانىدا بەزى ماقالە ئەسەرلەرنى ۋەتەندىكى ھەر قايسى ژۇرناللاردا، جۈملىدىن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا چاتما شەكلىدە ئېلان قىلغان. ئۇ ئىسرائىلىيەدىكى تەتقىقاتىنى تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، 2017 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان.

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشتنىڭ بەرقى ھەر قايسى ژانىرلاردىكى بىر ـ تۈركۈم ماقالە ـ ئەسەرلىرى ئېلان قىلغاندىن سىرت، «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز»، «بۆركۆت سايىسى» (تەرجىمە ئەسەر)، «كونا قۇرۇق گەپ دەۋرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشت بەرقى ئىنتېرنېتتىن ئاكتىپ پايدىلانغۇچى زىيالىيلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ قۇرغان «بەرقىي تورى» ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئىلىم ھەۋەسكارلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆھبەت، مۇنازىرە ۋە ئىلىم سورۇنى بولۇش رولىنى ئوينىغان ۋە تورداشلارنىڭ ياقتۇرۇپ زىيارەت قىلىشىغا ئېرىشكەن، بۇ تور بەت كېيىن خىتاي تەرىپىدىن تاقىۋېتىلگەن.

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشت بەرقى تۇتقۇن قىلىنغان تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بىز ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشت بەرقىگە سالامەتلىك ۋە تىنىچ ـ ئامانلىق تىلەيمىز. ئۇنىڭ تېز مۇددەتتە خىتاينىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز خىتاينىڭ قانلىق تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئۇيغۇرلۇقنىڭ بەدىلىنى ئۆتەۋاتقان، ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان، ئاقىۋەتتە خىتاينىڭ يولسىزلارچە جازاسىغا، زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بارچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە بىگۇناھ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن قولىمىزدىن نېمە ئىش كەلسە شۇنى قىلىشقا مەجبۇرمىز.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# چېچىنىيە، رۇسىيە ۋە قانلىق ئۇرۇش

# چېچېنىيە، رۇسىيە ۋە قانلىق ئۇرۇش

نۇرغۇن پەرقلىق مىللەتلەر ياشايدىغان چېچېنىيە شىمالىي كاۋكاز رايونىغا جايلاشقان. بۇ رايون يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە گېئوپولىتىك ئورنى سەۋەبلىك، تارىختىن بۇيان رۇسىيە تەرىپىدىن ئىستراتېگىيىلىك جاي دەپ قارىلىپ كەلگەن. ۋە شۇ سەۋەبلىك چېچېنلەر بىلەن رۇسلارنىڭ تىركىشىشى رۇسلارنىڭ ئۆزلىرى ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان شىمالىي كاۋكاز زېمىنىغا كۆز تىككىشى بىلەن باشلىنىپ، تاكى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا.

چېچېنلەر شەيخ مەنسۇر ۋە شەيخ شەمىل قاتارلىق يولباشچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە چاررۇسىيەگە قارشى جەڭ قىلغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغانغا قەدەر مۇستەقىللىق نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن بەزى ئۇرۇنۇشلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما شەيخلەر دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ھەرىكەتلەر يۈز بەرمىدى.

ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بەس ـ بەستە مۇستەقىللىق جاكارلىشى بىلەن چېچېنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باشلىدى. 1994 ـ ۋە 1999 ـ يىللىرى رۇسلار قوزغىغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا، چېچېنلەر ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى، نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى يا ھاياتىدىن ئايرىلدى، يا يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. رۇسلارمۇ ھەربىي جەھەتتىن تالاپەتكە ئۇچراش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىدى.

چېچېنىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

## 1. چاررۇسىيە دەۋرى

چېچېنلەرنىڭ رۇسلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چارپادىشاھ دەۋرىگە تۇتىشىدۇ. چارپادىشاھ 1 ـ پېتېر 1722 ـ يىلى «ئىمكانقەدەر ھىندىستان ۋە ئىستانبۇلغا يېقىن بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشلاپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان چارپادىشاھلارنىڭ ھەممىسى قىرىم، تۈركىستان، شىمالىي كاۋكاز رايونلىرىنى ۋە خەلقلىرىنى بۇ نىشانغا يېتىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قارىدى. رۇسىيەنىڭ (ھىندى ئوكيان قاتارلىق

ئـلـلـق دېڭىز ـ ئوكيانـلارغا قـاراپ كېڭىيـىش سـيـاسـتـى سەۋەبـلـك، رۇسـيـە بـلـەن كـاۋكـاز خەلـقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان بولۇپ، شۇ يىللاردىن باشلاپ، چېچىنلەر شەيخ مەنسۇر ۋە شەيخ شامىل قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ باشچىلىقىدا رۇسىيەگە قارتىا قارشىلىق ھەركەتلىرىنى قوزغىغان.

رۇسلارغا نىسبەتەن، چېچىن مەسىلىسى چاررۇسىيەنىڭ 1783 ـ يىلى ئازاك قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزۈپ، كاۋكاز رايونىغا قوشنا بولۇشى بىلەن باشلانغان. چېچىنلەرمۇ باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرگە ئوخشاش، پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان چاررۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ھەركەتكە ئۆتكەن. چېچىنلەرنىڭ قارشىلىقى 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرلەردە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ داۋاملاشقان.

شەيخ مەنسۇر 1785 ـ يىلى چېچىن خەلقىنى رۇسلارغا قارشى تەشكىللەپ قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان ۋە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، «غازات ھەركىتى» نامىدا رۇسلارغا قارشى تۈنجى قوراللىق قارشىلىقنى باشلىغان.

ھالبۇكى، كاۋكازلىقلارنى رۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى بىر بايراق ئاستىدا توپلىغان تۈنجى رەھبەر ـــ شەيخ مەنسۇر چاررۇسىيەنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالماي، ئەينى ۋاقىتتا ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولغان ئاناپا قەلئەسىگە چېكىنگەن بولسىمۇ، قەلئە قولدىن كەتكەن كېيىن، رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۆلگۈچە ئەسىر تۇتۇلغان.

شەيخ مەنسۇرنىڭ دەۋرىدىن كېيىن، 30 يىل داۋاملاشقان ۋە ھالقىلىق كۈرەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەيخ شەمىل دەۋرى باشلانغان.

شەيخ شەمىل 1834 ـ يىلى «غازات ھەركىتى»نىڭ رەھبىرى بولۇپ تاللانغان. شۇنداقلا، شامىل ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى 1837 ـ يىلى رۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا رۇسلارنى زور تالاپەتكە ئۇچراتقان. گەرچە چارپادىشاھ بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن شەيخ شامىلغا ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش خۇسۇسىدا تەكلىپ خېتى يازغان بولسىمۇ، ئەمما شەيخ شامىل بۇنىڭغا كۆنمىگەن. كاۋكاز خەلقىنىڭ قارشىلىقى سەۋەبلىك ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان رۇسلار قىرىم ئۇرۇشىدىمۇ مەغلۇپ بولغان. بۇ مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن، يېڭىدىن تەختكە چىققان چارپادىشاھ 1859 ـ يىلى يېڭىدىن تەرتىپكە سېلىنغان قوشۇنى بىلەن شەيخ شامىلنى ئەسىرگە ئالغان. شەيخ شامىل تەخمىنەن 10 يىل ئەسىرلىكتە تۇرغاندىن كېيىن، ھەجگە بېرىش ئۈچۈن چارپادىشاھتىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، مەدىنىدە ۋاپات بولغان. شەيخ شامىل تۇتۇلغاندىن كېيىن، چېچىنلەر رۇسلارغا قارشى كۈرەشنى يەنە بەش يىل داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، 1864 ـ يىلى ئاساسەن باستۇرۇلغان.

شەيخ شامىل ئانا ۋەتىنىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پراۋۇسلاۋىيە دىنىنى ئاساس قىلغان چاررۇسىيەگە قارشى جىھادىي ئاڭ بىلەن داۋاملاشتۇرغان كۈرەشنىڭ ئاخىرىدا ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، چاررۇسىيە بۇ رايوننىڭ سەزگۈرلۈكى ۋە ئەنئەنىسىنى كۆزدە تۇتقان

هالدا سىياسەت يۈرگۈزگەن. نەتىجىدە، بۇ رايون ئىقتىسادىي جەھەتتە رۇسىيە بىلەن بىر گەۋدىلىشىشكە باشلاپ، 1912 ـ يىلى رۇسىيە ئىشلەپچىقارغان نېفىتنىڭ 11.5 پىرسەنتى چېچىنىيەدىن ئېلىنغان بولسا، 1918 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ نىسبەت 25 پىرسەنتكە ئۆرلىگەن. ئەمما، رايوندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر چېچىنلەرگە پايدا ئېلىپ كەلمىگەن. چېچىنلەر بۇ يەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ياشىغان بولسا، بۇ رايونغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن رۇسلار ۋە ئۇكرائىنلار ئىقتىسادىي يۈكسىلىشتىن نەپكە ئېرىشكەن (بۇ جەھەتتىكى ئەھۋال شەرقىي تۈركىستاندىكىگە ئاساسەن ئوپمۇئوخشاش، ت).

## 2. سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى چېچىنىيە

1917 ـ يىلىدىكى بولشېۋىك ئىنقىلابى نەتىجىسىدە، كوممۇنىست تۈزۈلمىنى ياقىلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى چاررۇسىيەنىڭ ئورنىنى ئالدى ۋە چېچىنىيە داۋاملىق رۇسلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا قالدى. 1922 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گرۇزىيە، ئەزەربەيجان ۋە ئەرمېنىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مۇستەقىللىقىنى جاكارلاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈلمىنى قوبۇل قىلغان جۇمھۇرىيەتلەرگە ئايلاندى. مەزكۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شىمالىي كاۋكازمۇ مۇستەقىللىق جاكارلىماقچى بولغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى ۋە 1936 ـ يىلدىن كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە چېچىنلەر چېچېن ـ ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانلار بىلەن ھەمكارلاشقان دەپ ئەيىبلەنگەن چېچېن ۋە ئىنگۇشلار 1944 ـ يىلى مىڭلىغان كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان كۆچ ـ كۆچكە مەجبۇرلاندى. ئۇلارنىڭ سەپەرگە تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا ناھايىتى ئاز ۋاقىت بېرىلگەچكە، چېچىنلەر يېنىغا يوقىنىڭ ئورنىدا نەرسە ـ كېرەك ئېلىۋالالىدى، ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكلىرى ۋە مال ـ چارۋىلىرى مۇسادىرە قىلىندى. چېچېن ـ ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

قازاقىستان ۋە سىبىرىيەگە مەجبۇرىي سۈرگۈن قىلىنغان بۇ چېچىن ۋە ئىنگۇشلارنىڭ يىگىرمە پىرسەنتى ناچار ھاۋارايى ۋە ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئەمما، ھاياتتىن ئايرىلغانلار بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر سۈرگۈن قىلىنغان جايلاردىكى كىلىمات شارائىتى ۋە ۋابا سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلدى. سۈرگۈندىكى چېچىن ۋە ئىنگۇشلىقلارنىڭ 38 پىرسەنتىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. شۇ قېتىملىق كۆچۈش جەريانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن 200 مىڭ چېچىننىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

1953 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ستالىننىڭ ئۆلۈشى بىلەن چېچىنلەرگە قارىتىلغان بېسىم بىرئاز پەسىيىپ، 1957 ـ يىلى چېچىن ـ ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە

قايتىدىن قۇرۇلۇپ، سۈرگۈندىكى چېچىنلەر ۋەتىنىگە قايتىشقا باشلىدى. لېكىن، چېچىنلەر ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەر مەسىلىسى ۋە ئىشسىزلىق قاتارلىق ئېغىر مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى.

### 3. رۇسىيە فېدېراتسىيەسى مەزگىلىدىكى چېچىنىيە

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا چېچىنلەرنىڭ ئېتىرازى كۈچىيىشكە باشلىدى ھەمدە 1989 ـ يىلىدىن كېيىن، چېچىنىيەدە سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە دىنىي مۇددىئاغا ئىگە تەشكىلاتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىرىنىڭ يوقلىشى بىلەن بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىدىمۇ قوزغىلاڭ باشلاندى. بىرىگادا گېنېرالى جەۋھەر دۇدايېف بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا بۇيرۇلدى. ئەمما، ئۇ بۇيرۇقنى ئورۇندىمىغانلىقى ئۈچۈن، يۇرتى چېچىنىيەگە سۈرگۈن قىلىندى.

چېچىن مىللىتىدىن بولغان جەۋھەر دۇدايېف 1944 ـ يىلىدىكى چوڭ سۈرگۈندە ئائىلىسى بىلەن بىللە قازاقىستانغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1960 ـ يىلى ۋىلادىكافكاستىكى ئىلىم ـ پەن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋە رۇسىيەنىڭ تومبوۋ شەھىرىدىكى ھاۋا ئارمىيىسى مەكتىپىگە تىزىملاتقان. ئارمىيەدە تېزلىكتە باش كۆتۈرگەن دۇدايېف 1984 ـ يىلى پولتاۋا شەھىرىگە باتالىيون كوماندىرى، 1986 ـ يىلى ئېستونىيەنىڭ تارتۇ شەھىرىگە گارنىزون قوماندانى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭغا ھەربىي ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۈچۈن بىرىگادا گېنېرالى ئۇنۋانى بېرىلگەن.

بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە شاھىت بولغان دۇدايېف ئۆز ۋەتىنىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللىغان ۋە بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان.

1990 ـ يىلى، چېچىن ـ ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى پائالىيەتلەر تېخىمۇ جانلىنىپ، چېچىن خەلق مىللىي مەجلىسى قۇرۇش قارار قىلىندى. قۇرۇلتاي چېچىن ـ ئىنگۇش يېزىلىرى ۋە شەھەرلىرىدىن تاللانغان ۋەكىللەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن گروزنىيدا ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېلان قىلغان چېچىن جۇمھۇرىيىتى جەۋھەر دۇدايېفنى قۇرۇلتاي باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى.

1991 ـ يىلى، چېچىن خەلق مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى جەۋھەر دۇدايېفنىڭ قوللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ئۆزگىرىشتە چېچىنىيەدىكى كوممۇنىست ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلدى ۋە ئارقىدىنلا ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا، دۇدايېف پرېزدېنت بولۇپ سايلاندى. موسكۋا ھۆكۈمىتى بولسا سايلام نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چېچىنىيەنىڭ رۇسىيە،

ئۇكرائىنا ياكى ئېستونىيە قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرى بولماستىن، بەلكى يىقىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەكسىچە قانۇنىي مەۋجۇتلۇقى داۋاملىشىۋاتقان رۇسىيە فېدېراتسىيەسىدىن ئىبارەت بىر قۇرۇلمىغا تەۋە ئىكەنلىكى، چېچىنىيەنىڭ سىياسىي ئورنى مەسىلىسىنى كۆن تەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.

1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇستەقىللىقىنى رەسمىي جاكارلىغان چېچىنىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيەدىن ئايرىلدى. رۇسىيە تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە تەھدىت سالغان بۇ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ئېتىراپ قىلمىغان فېدېراتسىيەسى چېچىنىيەنىڭ رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇردى. 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، رۇسىيە پرېزىدېنتى يېلتسىن «ئاساسىي قانۇن تەرتىپىنى قوغداش»نى باھانە قىلىپ، چېچىنىيەدە جىددىي ھالەت ئېلان قىلدى.

چېچەنلەر 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، چېچەن ـ ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتى تارقىتىۋېتىلدى. بۇ زېمىننىڭ ساھىبلىرى بولغان چېچەنلەر ۋە ئىنگۇشلار بۇ مەسىلىنى تىنچ ھەل قىلدى ۋە نەتىجىدە 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان مۇستەقىل «ئىچكىرىيە چېچەن جۇمھۇرىيىتى» ۋە 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قۇرۇلغان ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى.

## بىرىنچى قېتىملىق چېچەن ـ رۇس ئۇرۇشى

1991 ـ يىلى نويابىردا چېچەنلەرنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشى بىلەن، چېچەنلەر بىلەن رۇسلار ئارىسىدىكى تىركىشىش باشلاندى. ئەمما، 1994 ـ يىلى يازغىچە، رۇسىيە فېدېراتسىيەسى يېلتسىن، گورباچېۋ ۋە كوممۇنىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق كۈرىشى سەۋەبىدىن، چېچىنىيەگە ھەربىي مۇداخىلە قىلالمىدى. ھەتتا بۇ جەرياندا، 1993 ـ يىلى، رۇسىيەدە ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالغان ئاساسىي قانۇن كرىزىسى يۈز بەردى.

گەرچە رۇسىيە فېدېراتسىيەسى چېچىنىيەگە ئەسكەر ئەۋەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتچىلىك تەجرىبىسى مول رۇسلار چېچىنىيەنىڭ مۇستەقىللىق قارارىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ۋە جىددىي ھالەت ئېلان قىلىشتىن باشقا، چېچىنىيەگە ئىقتىسادىي ئېمبارگو يۈرگۈزدى. ئەمما، ھەممىدىن مۇھىمى، رۇسلار دۇدايېفقا قارشى بارلىق چېچەن ئۆكتىچىلەرنى «ۋاقىتلىق كېڭەش» نامىدا بىر يەرگە يىغىپ، قوراللاندۇردى.

1994 ـ يىلى 26 ـ نويابىر، «ۋاقىتلىق كېڭەش» نامىدىكى موسكۋاپەرەس ئۆكتىچىلەر دۇدايېفنىڭ قىسىملىرىغا قوراللىق ھۇجۇم قوزغىدى ۋە دۇدايېف كۈچلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. دۇدايېفنىڭ

قوشۇنلىرى پايتەخت گروزنىينى ئالغاندىن كېيىن، موسكۋادىكى بورىس يېلتسىن ھۆكۈمىتى چېچىنىيەگە بىۋاستە مۇداخىلە قىلىشنى قارار قىلدى.

دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر سەۋەبىدىن، چېچىنىيەگە ھەربىي مۇداخىلە قىلىش بۇ مەسىلىلەرنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ دەپ قارىغان رۇس خەلقى ئېلىپ بېرىلغۇسى ھەرىكەتكە ئىجابىي نەزەردە قارىمىدى. ئەمما، (ئۆزىنى چاغلىماي) چېچىنىيەنى ئىككى سائەت ئىچىدە قولغا كىرگۈزىمىز دەپ ئويلىغان قوماندانلار ھەربىي مۇداخىلە قىلىش زۆرۈر دەپ قارىدى. ئەمما، رۇس قوماندانلىرى «بىردەمدىلا ئاياغلىشىدۇ» دەپ قارىغان چېچىنىيە تۇپراقلىرىدىكى ئۇرۇش ئالاھەزەل ئىككى يىلغا يېقىن داۋاملاشتى.

موسكۋاپەرەس ئۆكتىچىلەر جەمئىيەتتۇرۇلغاندىن ۋە رۇسىيەنىڭ ھەربىي مۇداخىلە قارارىدىن كېيىن، چېچىنىيەدىكى ئىچكى توقۇنۇشتىن پاراكەندە بولغان چېچىنلەر جەۋھەر دۇدايېفنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى.

1994 ـ يىلى ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەن چېچىن زېمىنىدا، بولۇپمۇ پايتەختتە رۇس ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ قوللىشى ئاستىدا تۇرغۇن ھۇجۇملار ئېلىپ بېرىلدى. چېچىنلەر ھاۋا ھۇجۇمىدا تولىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. رۇسلار كېيىنچە چېچىنىيەگە قۇرۇقلۇقتىنمۇ كىردى ـ يۇ، ئەمما ئويلاپ باقمىغان دەرىجىدە قارشىلىققا دۇچ كەلدى. پارتىزانلىق تاكتىكىسى بىلەن كۈرەش قىلغان چېچىنلەر رۇسلارنى زور تالاپەتكە ئۇچراتتى. رۇسلار 1995 ـ يىلى يازدىكى چوڭ جەڭدىن كېيىن بۇ رايوننى ئىشغال قىلدى.

رۇسلارنى چېكىنىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، چېچىن مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان شامىل باسايېۋ موسكۋادا ۋەقە چىقىرىشنى قارار قىلدى ۋە جەسەت ساندۇققا سېلىنغان رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى ئەكېتىۋاتقان قىياپەتتە 150 كىشى بىلەن يولغا چىقتى. ئەمما، بۇدېننوۋسكىدىكى بىر ساقچى بۆنى بايقاپ قالغاچقا، باسايېۋ باشچىلىقىدىكى بۇ پىدائىيلار ھۇجۇمنى شۇ يەرگە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تۇرغۇن ساقچىلار بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، 700 دىن ئارتۇق كىشى بىر دوختۇرخانىدا گۆرۈگە ئېلىندى. رۇسلارنىڭ قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى كارغا كەلمىگەچكە، بۇ ھەرىكەت دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا كۈچلۈك زىلزىلە قوزغىدى.

چېچىنىيەدە ئويلىمىغان قارشىلىققا دۇچ كېلىپ، مىڭلىغان ئەسكىرىدىن ئايرىلغان رۇسىيە بۇ ۋەقە سەۋەبىدىن دۆلەت ئىچى سىياسىتىدىمۇ كونترول كىرىزىسىگە دۇچ كەلدى ۋە خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە يۈزىنى تۆكۈۋالدى. رۇسلارنىڭ سۆھبەت داۋامىدا چېچىنلەرگە قانداق يول قويغانلىقى تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدىن ئورۇن ئالدى. رۇسلار دۇدايېف بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا كۆندۈرۈلگەن ۋە باسايېف باشچىلىقىدا ھەرىكەتكە قاتناشقانلارنىڭ چېچىنىيەگە قايتىپ كېتىشى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت ھازىرلانغاندىن كېيىن، ئۇشبۇ كىرىزىس ئاخىرلاشتى.

ئەمما، 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، چېچىنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى جەۋھەر دۇدايېۋ رۇسىيەنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ھالبۇكى، چېچىنلەر دۇدايېۋنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە قارىماي، 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گروزنىينى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، رۇسىيە ئىككى يىل داۋاملاشقان ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيىتىنى قوبۇل قىلىپ چېچىنىيەدىن چېكىندى.

## «خاساۋيۇرت تىنچلىق شەرتنامىسى»

بىرىنچى چېچەن ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا «خاساۋيۇرت تىنچلىق شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. مەزكۇر شەرتنامىدە چېچىنىيەنىڭ سىياسىي ئورنىنى بېكىتىش ئۈچۈن بەش يىل مۆھلەت بېكىتىلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېچىنىيەدىكى گروزنىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇرۇشتىن كېيىن ئاساسەن ۋەيران بولغان بارلىق شەھەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چىقىملىرىنى رۇسىيەنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ شەرتنامىنىڭ چېچىنلەر ۋە باشقا بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يەنە بىر تەرىپى شۇكى، بۇ شەرتنامە چېچىنلەرگە كۆرە، رەسمىي بولمىسىمۇ، ئەمەلىي رەۋىشتە چېچىنلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىدى. چېچىنلەر «رۇسىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن ئىچكىرىيە چېچەن جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق ۋە مۇناسىۋەت پرىنسىپلىرى شەرتنامىسى» دېگەن جۈملىنىمۇ بۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە كۆرسىتىشىدۇ. چۈنكى، خەلقئارا قانۇنلارغا كۆرە، «شەرتنامە» پەقەت مۇستەقىل دۆلەتلەر ئارىسىدىلا ئىمزالىنىدۇ. بۇ يەردىمۇ «شەرتنامە» سۆزى ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇستەقىللىق قوبۇل قىلىنغان بولىدۇ.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، فېدېراتىپ دۆلەت بىلەن ئۇنىڭ بىر پارچىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر شەرتنامىنىڭ تېكىستىدە رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئاساسىي قانۇنى تىلغا ئېلىنمىغان. ئاخىرىدا، شەرتنامىدە «ئىچكىرىيە چېچەن جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت چېچىنلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىگە قويغان ئىسىم قوللىنىلغان. رۇسىيە بۇ ئىسىمنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە چېچىنىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

گەرچە بۇ تىنچلىق شەرتنامىسىدىن كېيىن ھەربىي توقۇنۇشلار توختىغان بولسىمۇ، سىياسىي ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇشلار داۋاملاشتى. بۇ توقۇنۇشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ مۇكەممەل بىر شەرتنامە بولمىغانلىقى ئىدى. جۈملىدىن، مەزكۇر شەرتنامىدە ئىككى تەرەپنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئېنىق بېكىتىلمىگەنىدى. نەتىجىدە، رۇسىيە چېچىنىيەنى ئۆزىگە تەۋە فېدېراتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنسا، چېچىنىيە مۇستەقىللىق كويىدا يۈردى.

## ئىككىنچى قېتىملىق چېچىن - رۇسىيە ئۇرۇشى

2 - قېتىملىق چېچىن - رۇسىيە ئۇرۇشىغا سەۋەب بولغان ئەڭ مۇھىم ۋەقە چېچىن رەھبىرى جەۋھەر دۇداييېفنىڭ بىرىنچى قېتىملىق چېچىن ئۇرۇشىدا رۇسلارنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلۈشى ئىدى. دۇداييېف شەيخ مەنسۇر ۋە شەيخ شامىل دەۋرىدىن كېيىن بارلىق چېچىنلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىيالىغان تۇنجى كىشى ئىدى. ھالبۇكى، چېچىنلەرنىڭ بۇ ئۆملۈكى دۇداييېف ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى سايلامدا تەۋرىنىپ قالدى. دۇداييېفتىن كېيىن، شامىل باساييېف ۋە ئاسلان ماسخادوف قاتارلىق چېچىن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق شەخسلەر پرىزدېنتلىق سايلىمىغا قاتناشتى. بۇ سايلامدا، ئاسلان ماسخادوف پرىزدېنت بولۇپ سايلاندى، شامىل باساييېفمۇ ئۇنى تەبرىكلىدى. ئەمما، ئۇ دۇداييېفقا ئوخشاش ھەممەيلەننى ئەتراپىغا توپلىيالمىدى. بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب چېچىن قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرىنچى چېچىن ئۇرۇشىنىڭ سەرخىل قوماندانلىرى ئۆز ئالدىغا ياكى ماسلاشماي ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانىدى.

چېچىنىيە ۋە پۈتكۈل شىمالىي كاۋكاز رايونىدىكى نېفت ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن، شۇنداقلا ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ رايوندىن مەھرۇم قېلىش رۇسىيە ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، رۇسىيە چېچىنىيەگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتتە قوللاش ۋە ئورۇنلۇق باھانە ئىزدەۋاتاتتى. نەتىجىدە، چېچىنىيەدىكى ئۇرۇشنى پۈتكۈل شىمالىي كاۋكاز رايونىغا كېڭەيتمەكچى بولغان شامىل باساييېف ۋە خەتتاب باشچىلىقىدىكى چېچىن قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم قوماندانلىرى موسكۋا ھۆكۈمىتىنى ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان كوزىر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار 1998 - يىلى رۇسىيە بىلەن بولغان مەسىلىنى يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى سىياسىي يول ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولغان پرىزدېنت ئاسلان ماسخادوفنى خەۋەرلەندۈرمەيلا، ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلغان ئەسكەرلەر بىلەن داغىستان رايونىغا كىردى ۋە يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر خىل يىغىنلارنى ئۆتكۈزدى. جەنۇبىي داغىستاندىكى ئىككى يېزا باساييېف ۋە خەتتابنىڭ تەسىرىدە شەرىئەت ئېلان قىلغاندا، رۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرى بىلەن رۇسىيەنىڭ داغىستاندىكى ھەربىي بازىلىرىغا ھۇجۇم قوزغىغان خەتتاب ۋە باساييېۋ زورلۇق قوللاشقا ئېرىشەلمىگەچكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر دەل رۇسىيە كۈزلىگەن ۋەزىيەتنى ياراتتى.

رۇسىيە جامائەتچىلىكىدە چېچىنلەرگە بولغان نارازىلىقنىڭ كۈچىيىشى موسكۋا ھۆكۈمىتىنىڭ چېچىنىيەگە قايتا تاجاۋۇز قىلىشىنى ئاسانلاشتۇردى. 1999 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە، رۇسىيە

فېدېراتسىيەسىنىڭ باش مىنىستىرى ۋلادىمىر پۇتىن ۋە پرېزىدېنت يېلتسىن چېچېنىيەگە قارشى يېڭى ئۇرۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇرۇش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن چېچىن ھۆكۈمىتى، پرېزىدېنتى ۋە پارلامېنتىنى قانۇنسىز دەپ جاكارلىدى. موسكۋا ھۆكۈمىتى بۇ ئارقىلىق ھەم ئۆزى ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس ھازىرلاشنى، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلىنغان ماسخادوف ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق تەكلىپى، تۇپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش تەكلىپى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەسىلىنى تىنچ يول ئارقىلىق ھەل قىلىش تەكلىپى بىردەك پۇتىن تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىندى.

ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدىن باشلانغان ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدە چېچېنىيە زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىرى بېسىۋېلىندى. رۇسىيە ئارمىيىسى پايتەخت گروزنىيغا 25 كىلومېتىر ئارىلىقتىچە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، چېچېنىيە پرېزىدېنتى ئاسلان ماسخادوف ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى ۋە بارلىق چېچەنلەرنى رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇشقا چاقىردى. بەك كۆپ تالاپەتكە ئۇچراپ، رۇس جامائەتچىلىكىنىڭ ئېتىرازىنى قوزغاشتىن قورققان رۇسىيە ئارمىيىسى ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلىدى. رۇسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن تامامەن قورشىۋېلىنغان چېچېنىيە زېمىنى ئالدى بىلەن ھاۋادىن بومباردىمان قىلىنىپ، ئاندىن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئىشغال قىلىندى. شۇ رەۋىشتە نۆۋەت پايتەخت گروزنىيغا كەلدى. 1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، گروزنىي پۈتۈنلەي قورشاۋدا قالدى، 11 ـ دېكابىر ھۇجۇم باشلاندى ۋە 2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، گروزنىينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى رۇسىيەنىڭ قولىغا ئۆتتى.

چېچېنىيەگە قارشى ھەرىكەتلەر باشلىنىپ، ئۇرۇش جىددىي داۋام قىلىۋاتقان بۇ جەرياندا، رۇسىيە پرېزىدېنتى بورىس يېلتسىن 1999 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، رۇسىيەدىكى تېرورلۇق ۋەقەلىرىنىڭ مەنبەسىنى چېچېنىيە دەپ قارايدىغان ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا قەتئىي بەل باغلىغان باش مىنىستىر پۇتىن پرېزىدېنت بولۇپ سايلاندى.

چېچېنىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرى ۋە پايتەختى رۇسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندە، مۇجاھىدلار تاغقا چېكىندى. گەرچە مۇجاھىدلارنىڭ تاغقا چېكىنىشى بىلەن ئۇرۇشنىڭ جىددىيلىكى پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن شەكلى ئۆزگەرگەن رەۋىشتە داۋاملاشتى، يەنى پارتىزانلار ئۇرۇشىغا ئايلاندى ۋە 2009 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ خىل پارتىزانلىق ئۇرۇشمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

«خەلقئارا جامائەتچىلىك موسكۋا ھۆكۈمىتىگە قىرغىنچىلىق ۋە ئۇرۇش جىنايىتى توغرىسىدا بېسىم ئىشلىتىدۇ ۋە قىرغىنچىلىققا يول قويمايدۇ» دەپ ئويلىغان چېچەنلەر خاتالاشقانىدى. پۈتۈنلەي قامال قىلىنغان، ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتىن بومباردىمان قىلىنغان، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلگەن ۋە تاراتقۇ خادىملىرىنىڭمۇ كىرىشى چەكلەنگەن چېچېنىيەدە سادىر قىلىنغان جىنايەتلەرگە قارشى خەلقئارادىن «بېسىم» دېگۈدەك بىرەر ئىنكاس چىقمىدى.

بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا چېچەنلەر پەۋقۇلئاددە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى بەزى ئىستاتىستىكىلار تۆۋەندىكىچە:

چېچەن ئاممۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ مۆلچەرىگە كۆرە، پارتىلاشتا بۇزۇلغان ئۆيلەرنىڭ سانى ئەللىك مىڭدىن ئاشىدۇ؛ 420 يېزىنىڭ 270 ى پۈتۈنلەي، 68 ى قىسمەن ۋەيران بولغان؛ 23 ۋىلايەتنىڭ 14 ى ئاساسەن خارابىلىككە ئايلانغان. 1999 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە بولغان ئۇرۇشتا سەكسەن مىڭ چېچەن ھاياتىدىن ئايرىلغان، 30 مىڭدىن ئارتۇق چېچەن جازا لاگېرلىرىدا قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىغان، 20 مىڭ چېچەن سوتلانمايلا ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىغان. 6000 چېچەن يوقاپ كەتكەن ۋە 30 مىڭ چېچەن مېيىپ قىلىنغان.

## ئىككىنچى قېتىملىق چېچەن ـ رۇس ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەۋر: «قادىروفلار دەۋرى»:

رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چېچەنىيەنى رۇسىيەنىڭ بىر قىسمى دەپ جاكارلىدى. بىرىنچى قېتىملىق چېچەن ئۇرۇشىدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان ۋە «بىر چېچەن ئون رۇسنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ ئۆلمەسلىكى كېرەك» دېگەن چېچەنىيە مۇپتىسى ئەھمەد قادىروف چېچەنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا تەيىنلەندى. بۇنىڭدىن سىرت رۇسىيەگە بولغان ساداقەت 2003 ـ يىلى چېچەنىيەدە ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندىن رەسمىي ئورۇن ئالدى.

پۇتىن تەرىپىدىن چېچەن قوزغىلاڭچىلىرىنى تېپىپ يوقىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان تەشكىلات 2004 ـ يىلى قاتاردا بىرىنچى قېتىملىق چېچەن ئۇرۇشى دەۋرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولغان ۋە دۇدايېف ۋاپات بولغاندىن كېيىن چېچەنىيە ھاكىمىيىتىگە ۋاقىتلىق رىياسەتچىلىك قىلغان زېلىمخان ياندارىبىيېۋنى قەستلەپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، چېچەن قوزغىلاڭچىلىرى شۇ يىلى بومبا ھۇجۇمى ئارقىلىق ئۆزلىرى «رۇسىيەنىڭ قورچىقى» دەپ قارىغان ئەھمەد قادىروفنى ئۆلتۈردى.

ئەھمەد قادىروف ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، موسكۋاغا تېزلىكتە ئېلىپ كېلىنگەن ئوغلى رامزان قادىروف ياش چەكلىمىسى سەۋەبىدىن پرېزىدېنت بولالمىغاچقا، باشقا بىرەيلەن بۇ ئورۇنغا ۋاقىتلىق تەيىنلەندى. 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رامزان قادىروف ۋەزىپە ئۆتەسە بولىدىغان ياشقا توشقان ھامان چېچەنىيەنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا تەيىنلەندى ۋە بۈگۈنگىچە بۇ ۋەزىپىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

رامزان قادىروف تەختتە ئولتۇرغان بۇ مەزگىلدە، 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، چېچەنىيە ئۇرۇشىدا قازا قىلغانلارنىڭ تۇل ئاياللىرىنىڭ موسكۋادا ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇم قوزغىغانلىقى؛ يەنە

**شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، گروزنىينىڭ لېنىن رايونىدىكى چېچىن پارلامېنت بىناسىنىڭ قورالىق ئۇنسۇرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئالتە ئادەم ئۆلۈپ، 17 ئادەم يارىلانغانلىقى دېگەندەك ساناقلىق بىر قانچە ۋەقەنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رۇسىيەگە قارشى پائالىيەتلەر ئاساسەن كۆرۈلمىدى، كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، رۇسىيە ھازىرچە بولسىمۇ چېچىنىيەنى «ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش» جەھەتتە ئۇتۇق قازانغاندەك تۇرىدۇ.**

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى


**پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:**

(1) TARİHTEN GÜNÜMÜZE ÇEÇENİSTAN – RUSYA İLİŞKİLERİ – Muhammet Cihad BURAK, İsmail ERMAĞAN

(2) https: //en. wikipedia. org/wiki/First_Chechen_War

(3) https: //en. wikipedia. org/wiki/Second_Chechen_War

(4) https: //en. wikipedia. org/wiki/Dzhokhar_Dudayev



# كەسپىي ھاياتىڭىزدا سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدىغان مۇھىم ئامىللار

براين چېيسى

# كەسپىي ھاياتىڭىزدا سىزنى مۇۋەپپىقىيەتكە باشلايدىغان مۇھىم ئامىللار

## براين چېيسى

«ماددىي ۋە زېھنىي مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇئەييەن بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرەلىگەن كىشىنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ» ــــ نورمان ۋىنسېنت پېل (Norman Vincent Peale)

خىزمەت ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىزدىن تەكرار ـ تەكرار سوراشقا تېگىشلىك سوئاللاردىن بىرى ــــ «مەن نېمىگە تايىنىپ مائاش ئالىمەن؟»دۇر.

ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆز ئىسمىنىڭ مائاش جەدۋىلىگە نېمە ئۈچۈن يېزىلىدىغانلىقىنى، يەنى ئۆزىنىڭ نېمىگە تايىنىپ مائاش ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. ئەگەر سىزمۇ ئىسمىڭىزنىڭ نېمىشقا مائاش جەدۋىلىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى ۋە سىزدىن نېمىلەرنى روياپقا چىقىرىشىڭىز تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمىسىڭىز، بۇ «ئىشلارنى قولىڭىزدىن كېلىشىچە ئەڭ ياخشى قىلالىشىڭىز، يۇكسىلىشىڭىز ۋە مائاشىڭىزنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈشى بەسى مۇشكۈل» دېگەنلىكتۇر.

ئېلىنىغان ھەق ياكى مائاش ــــ خېرىدارلار پۇل تۆلەشكە تەييار بولغان بىر مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن قىلىنغان خىزمەتلەرنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە بېرىلگەن پۇلدۇر.

ھەر ئىشنى ئومۇمەن بەشتىن يەتتىگىچە ھالقىلىق نەتىجە ساھەسىگە (Key result areas) بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ ساھەلەر مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشىڭىز ۋە خىزمەت ئورنىڭىزغا ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشۇشىڭىز ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر ساھەلەر بەدەنىنىڭ قان بېسىمى، تومۇر سوقۇشى، نەپەس رىتىمى ۋە مېڭە ئېلېكتر دولقۇنى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەردە ئىپادىلىنىدىغان پەۋقۇلئاددە مۇھىم فۇنكسىيەلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇلاردىن، يەنى ئىشىڭىز ئۈچۈن مۇھىم نەتىجە ھاسىل قىلىدىغان ساھەلەردىن بىرەرىدىكى نۇقسان خىزمەتتىن مەھرۇم بولۇشىڭىزغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن، باشقۇرغۇچىلىقتىكى ھالقىلىق نەتىجە ساھەلىرى ــــ پىلانلاش، تەشكىللەش، خادىم باشقۇرۇش، ئىش تەقسىملەش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە دوكلات ھازىرلاشتۇر. بۇ ساھەلەردە، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىڭىزگە چېتىشلىق بولغان دەرىجىدە،ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك. بۇ ساھەلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىدىكى يېتەرسىزلىك باشقۇرغۇچىنىڭ كەسپىي نەتىجىسىنىڭ ناچار بولۇشىنى ۋە مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

خىزمىتىڭىزگە ئالاقىدار ئاساسىي بىلىملەرگە ۋە ئىقتىدارلارغا ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك. خىزمىتىڭىزنى تاماملىشىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدىغان يادرولۇق ساپايىڭىزنى كۈچلەندۈرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، قىلغان ئىشىڭىزنىڭ نۇقتىسىدىن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋە خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ياكى مەغلۇبىيىتىڭىزنى بەلگىلەيدىغىنى ــ ھالقىلىق نەتىجە ساھەلىرىدە قولغان كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىڭىزدۇر.

خىزمەت ئۈنۈمىڭىزنى ئاشۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۆز خىزمىتىڭىزدىكى ھالقىلىق نەتىجە ساھەلىرىنى بەلگىلەشتۇر. ئۆزىڭىزنىڭ مەسئۇلىيەت تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىڭ ۋە شۇنىڭغا كۆرە تىرىشىڭ.

بىر ساتقۇچى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ساھەلەردىن بىرى يېڭى خېرىدار تېپىشتۇر. بۇ پۈتۈن سېتىش جەريانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسىدۇر. سېتىشنى تاماملاشمۇ ھالقىلىق نەتىجە ساھەسىدۇر. سېتىش تاماملانغاندا، بۇ ئەھۋال ياكى مۇۋەپپەقىيەت، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىر شىركەت خوجايىنى ياكى باشقۇرغۇچىسى ئۈچۈن، مۇۋاپىق كىشىلەرنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىزمەتنى ئۈنۈملۈك تەقسىملەشمۇ ھالقىلىق نەتىجە ساھەلىرىدۇر. بىر كاتىپ ئۈچۈن مەكتۇپ يېزىش، تېلېفون قىلغانلارغا جاۋاب بېرىش ۋە تېلېفوننى تېگىشلىك كىشىگە ئۇلاپ بېرىش دېگەندەك ئىشلارنى تېز سۈرئەتتە، خاتاسىز تاماملاشمۇ مۇھىم ئىشلاردىندۇر. خىزمەتچىنىڭ مۇشۇ ۋەزىپىلەرنى تېز ۋە ئۈنۈملۈك ئادا قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ قانچىلىك مائاش ئېلىشى، شۇنداقلا ئۆسۈش ـ ئۆسەلمەسلىكىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۆزىڭىزگە نومۇر قويۇڭ

ھالقىلىق نەتىجە ساھەلىرىڭىزنى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئاشۇ ساھەلەرنىڭ ھەربىرىدە ئۆزىڭىزگە بىردىن ئونغىچە نومۇر قويۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ قايسى ساھەلەردە كۈچلۈك، قايسى ساھەلەردە ئاجىز ئىكەنلىكىڭىزگە؛ قايسى ساھەلەردىكى ئىپادىڭىزنىڭ ياخشى، قايسى ساھەلەردىكىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىگە قاراڭ.

قائىدە: سىز ئەڭ ئاجىز بولغان ھالقىلىق نەتىجە ساھەسى سىزنىڭ باشقا ماھارەت ۋە ئىقتىدارلىرىڭىزنى قانچىلىك جارى قىلدۇرالىشىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ قائىدىگە كۆرە، سىز يەتتە ھالقىلىق نەتىجە ساھەسىنىڭ ئالتىسىدە تولىمۇ مۇنەۋۋەر بولۇشىڭىز، ئەمما يەتتىنچىسىدىكى نەتىجىڭىز ناچار بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئاشۇ يەتتىنچى ساھەدىكى تۆۋەن نەتىجىڭىز سىزنى ئارقىغا سۆرەپ، باشقا بارلىق ئىقتىدارلىرىڭىزنى قانچىلىك جارى قىلدۇرالىشىڭىزنى چەكلەپ تۇرىدۇ. (مۇئەييەن ھالقىلىق نەتىجە ساھەسىدىكى) بۇ خىل يېتەرسىزلىك سىزنىڭ ئۈنۈمدارلىقىڭىزنى تۆۋەنلىتىدىغان يوك، شۇنداقلا (باشقىلار بىلەن ئارىڭىزدىكى) سۈركىلىشنىڭ ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆكسىمەس مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن، ئىش تەقسىملەش باشقۇرغۇچىنىڭ ھالقىلىق نەتىجە ساھەسىدۇر. بۇ ماھارەت باشقۇرغۇچىنىڭ باشقۇرۇشىغا، باشقىلار ئارقىلىق كۆزلىگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئاچقۇچلۇق تايىنىش نۇقتىسىدۇر. ئىشلارنى توغرا ئۇسۇلدا تەقسىملىيەلمەيدىغان باشقۇرغۇچى ئۆزىنىڭ باشقا بارلىق ماھارەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمدە جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ. ئىش تەقسىملەشتىكى يېتەرسىزلىكلا ئۇنىڭ خىزمەتتە تامامەن مەغلۇب بولۇشىغا سەۋەب بولالايدۇ.

خىزمەت ئورنىدا ئىشلارنىڭ ئارقىغا سۆرۈلۈشىنىڭ ۋە كېچىكىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆزى ياخشى تاماملىيالمىغان ۋەزىپىلەردىن قېچىشىدۇر. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزى ئاجىز ساھەلەردە ئۆز ـ ئۆزىگە نىشان بېكىتىپ، ئۆزىنى كۆچلەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنى شۇ ساھەدىن تامامەن ئەپقېچىشنى تاللايدۇ ـ دە، بۇ مۇقەررەر ھالدا مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدۇ.

مۇئەييەن بىر ساھەدىكى ئىقتىدارىڭىز قانچە كۆچەيگەنسېرى، شۇ ئىشنى قىلىشقا بولغان رىغبىتىڭىزمۇ شۇنچە ئاشىدۇ.

شۇنداق بولغاندا، ھەم سۆرەلمىلىك خاھىشىڭىز پەسىيىدۇ، ھەم ئىشىڭىزنى تاماملاش ئارزۇيىڭىز ۋە ئىرادىڭىز كۆچىيىدۇ.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، ھەركىمنىڭ كۆچلۈك تەرەپلىرى بولغىنىدەك، ئاجىز تەرەپلىرى ھەم بار. ئاجىزلىقلىرىڭىزنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماڭ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن باھانە ئىزدەپمۇ يۈرمەڭ. بۇنىڭ ئورنىغا، كەمچىلىكلىرىڭىزنى تېپىپ چىقىپ، شۇ ساھەلەردە ئۆزىڭىزنى كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن پىلان تۈزۈڭ.

مەلۇم بىر ساھەدىكى ئىقتىدارىڭىزنى كۆچەيتىسىڭىزلا، خىزمەتتىكى ئىپادىڭىزنى ئەڭ زور چەكتە ياخشىلىيالىشىڭىز مۇمكىن.

ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىزدىن سوراشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم سوئاللاردىن بىرى: «قايسى ئىقتىدارىمنى تەرەققىي قىلدۇرسام ۋە ئۇنىڭدىن مۇكەممەل رەۋىشتە پايدىلانسام، خىزمىتىمگە ئەڭ بەك پايدىسى بولىدۇ؟»دۇر.

ھاياتىڭىزنىڭ قالغان قىسمىدا، خىزمىتىڭىزنى مۇشۇ سوئالنى ئاساس قىلغان ھالدا داۋاملاشتۇرۇڭ.

باشقۇرغۇچىڭىزدىن ۋە خىزمەتداشلىرىڭىزدىن، ھەتتا ئۆيىڭىزدىكىلەردىن ۋە دوستلىرىڭىزدىنمۇ ئاشۇ سوئالنى سوراڭ.

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ ساھەدىكى ئىقتىدارىڭىزنى كۆچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىڭ.

ئىشنىڭ ياخشى تەرىپى شۇكى، ھەرقانداق خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مۇئەييەن بىر ھالقىلىق نەتىجە ساھەسىدە سىزدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولسا، بۇ سىزنىڭمۇ تىرىشسىڭىزلا شۇ ساھەدە ئۆزىڭىزنى كۆچلەندۈرەلەيدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ تېز يوللىرىدىن بىرى ــــ ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان ساھەلەردە چوقۇم مۇكەممەللىشىشتۇر. بۇ ھاياتىڭىز ۋە خىزمىتىڭىز ئۈچۈن قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن مۇھىمدۇر.

ئۈ پاقنى يەۋېتىڭ

ئىشىڭىزنى مۇكەممەل شەكىلدە قىلالاش ئۈچۈن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىز كېرەك بولغان ئەڭ مۇھىم ساھەلەرنى بەلگىلەڭ. بۇ ساھەلەرنىڭ ھەربىرىدە ئۆزىڭىزگە بىردىن ئونغىچە نومۇر قويۇڭ. ئاندىن قۇسۇرسىز جارى قىلدۇرۇلغان تەقدىردە، خىزمىتىڭىزدە ئەڭ ئەسقاتىدىغان ئىقتىدارنى بەلگىلەڭ.

تەييارلىغان تىزىملىكىڭىزنى باشقۇرغۇچىڭىزغا كۆرسىتىڭ ۋە بۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆزدىن كەچۈرۈڭ. باشقۇرغۇچىڭىزدىن بۇ تىزىملىككە سەمىمىي تەكلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىڭ. باشقىلارنىڭ ئىنجابىي كۆز قاراشلىرىغا (ئۈ تەنقىدىي تۈس ئالغان تەقدىردىمۇ) دادىل يۈزلەنسىڭىز، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرەلەيسىز.

خىزمىتىڭىزنىڭ قالغان ساھەلىرىدىمۇ مۇشۇ خىل تەھلىللەرگە ئادەتلىنىڭ. مۇكەممەللىشىش يولىدا قەتئىي بوشاشماڭ. مۇشۇنداق بىر قارار چىقىرىشىڭىزنىڭ ئۆزىلا ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

«ئۈ پاقنى يەڭ» ناملىق ئەسەردىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# شى جىنپىڭ بىلەن ۋېنجياباۋ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى كۈرەش

# شى جىنپىڭ بىلەن ۋېن جياباۋ ئارىسىدىكى سىياسى كۆرەش

بۇ يىل خىتاي كومپارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، شى جىنپىڭ بىۋاستە تەستىقلىغان، خىتاي مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى يېتەكچىلىك قىلغان، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ۋە ماقالە ـ ئەسەر تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن يېزىلىپ، خىتاي خەلق نەشرىياتى ۋە خىتاي كومپارتىيەسى پارتىيە تارىخى نەشرىياتى بىرلىشىپ نەشر قىلغان 2021 ـ يىللىق يېڭى «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» يېقىندا بازارغا سېلىندى. ماۋزېدوڭپەرەس (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ، «ماۋپەرەس» دېيىلىدۇ، ت) تاراتقۇلاردىن بىرى بولمىش «مىللىي گۈللىنىش تورى» دەرھال زامانىمىزدىكى ماۋپەرەسلەرنىڭ ۋەكىللىك شەخسلىرىدىن بىرى بولغان، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جاڭ خوڭلياڭنىڭ (张宏良) «پارتىيە تارىخىنىڭ يېڭى نەشرىدىكى زور بۆسۈش ـ تىمتاسلىقتىكى گۈلدۈرماما» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ماۋپەرەسلەرنىڭ سەركىلىرىدىن بىرى بولمىش جاڭ خوڭلياڭ شى جىنپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى مەزكۇر يېڭى «پارتىيە تارىخى» توغرىسىدا شۇنداق دېگەن: مەزكۇر يېڭى «پارتىيە تارىخى»دا ماۋ زېدوڭنىڭ خىتاي ئىنقىلابىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە، ئىلگىرىكى كونا نۇسخىلارغا قارىغاندا ماھىيەتلىك بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلگەن. ھالبۇكى، مەزكۇر يېڭى نۇسخىدىكى ئەڭ چوڭ بۆسۈش، قىرىق يىلدىن بۇيان، دۆلەت قۇرۇلغان (1949 ـ يىلى)دىن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقان (1976 ـ يىلى)غىچە بولغان 27 يىلدىكى بۈيۈك ئۇتۇقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىدۇر.

جاڭ خوڭلياڭ بۇ ھەقتە يەنە شۇنداق دېگەن: «مەن ئىلگىرى ئۇچراشقان، خىتايغا نىسبەتەن دۈشمەنلىكى ۋە بىر تەرەپلىمە كۆز قارىشى بار غەرب مۇخبىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، <مەدەنىيەت ئىنقىلابى بالايىئاپىتى>نى خىتايغا ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسىي تۇتقۇ قىلىپ كەلدى. خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاشقۇن ئوڭچىلارمۇ ھەم <مەدەنىيەت ئىنقىلابى بالايىئاپىتى>نى كومپارتىيەگە، كوممۇنىزمغا قارشى تۈرۈشتىكى ئەڭگۈشتەر قىلىۋالدى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، يېڭى <پارتىيە تارىخى> بۇ <بالايىئاپەت كىشەنى>نى پاچاقلاپ تاشلىدى. <مەدەنىيەت ئىنقىلابى> بالايىئاپەت ئەمەس، مالىمانچىلىقمۇ ئەمەس، <مەدەنىيەت ئىنقىلابى> جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار بۈيۈك ئۇتۇقلارغا پۈتۈن جاھان ئەھلى شاھىتتۇر».

جاڭ خوڭلياڭ نەزەردە تۇتقان «دۆلەت ئىچىدىكى ئاشقۇن ئوڭچىلار»نىڭ ئارىسىدا خىتاينىڭ سابىق باش مىنىستىرى ۋېن جىاباۋنىڭمۇ بارلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، ۋېن جىاباۋ ئەينى يىللىرى خىتاي كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇروسى ۋە مەزكۇر بيۇرونىڭ دائىمىي كومىتېتىدا، بو شىلەينىڭ قايتىدىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يولىدا ماڭغانلىقىنى ئالقىشلاش ئۈچۈن چوڭچىڭغا بارغىلى ئۇنىمىغاندىلا، جاڭ خوڭلياڭ ۋەكىللىكىدىكى ماۋپەرەسلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخقا ئايلانغانىدى.

2010 ـ يىلى، يەنى ۋېن جىاباۋ سىياسىي بيۇرونىڭ دائىمىي ھەيئىتى ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باش مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان، شى جىنپىڭ بولسا خۇ جىنتاۋنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشنى كۈتۈپ، «مۇئاۋىن باش سېكرېتار»لىق سالاھىيىتى بىلەن يۈرگەن چاغلاردىلا، جاڭ خوڭلياڭ چوڭ قۇرۇلۇقتا ئاشكارا ھالدا «ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ خىتايدىكى ئىككى رەھبەرگە بولغان تامامەن پەرقلىق پوزىتسىيەسى» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلغانىدى. ماقالىدە: «كۆپچىلىكنىڭ غەرب دۆلەتلىرىدىكى جامائەت پىكرىگە ئالاقىدار بۇ ماقالىنى ئوقۇپ بېقىشىنى، غەرب دۆلەتلىرىدە تامامەن پەرقلىق ئىنكاس قوزغىغان ئىككى نەپەر خىتاي رەھبىرىگە دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇلارنىڭ بىرى باش مىنىستىر ۋېن جىاباۋ، يەنە بىرى مۇئاۋىن رەئىس شى جىنپىڭدۇر» دېيىلگەن.

مەزكۇر ماقالە ئەينى يىلى ئېلان قىلىنىشىغىلا چەكلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، 2015 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جاڭ خوڭلياڭ تەرىپىدىن خىتاي چوڭ قۇرۇلۇقىدىكى ماۋپەرەسلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەشۋىقات بازىلىرىدىن بىرى بولغان «مىللىي گۈللىنىش تورى»دا قايتىدىن ئېلان قىلىنغان. ماقالىدە يەنە شۇنداق دېيىلگەن: «بۇ يىل (2010 ـ يىلىنى دېمەكچى) ئامېرىكا باش مىنىستىر ۋېن جىاباۋنى ئۆدا تۆت قېتىم <ئامېرىكا ئىقتىسادىنى قۇتقۇزغان ئون چوڭ تۆھپىكار> (ۋېن جىاباۋ بۇ تىزىملىكتىكى بىردىنبىر چەتئەللىكتۇر)، <بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم رەھبەر> (بىرىنچى ئورۇندا)، <بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر رەھبەر> دەپ باھالىغان، شۇنداقلا يېقىندا يەنە باش مىنىستىر ۋېن جىاباۋنىڭ سۈرىتى ئامېرىكا <خەۋەر ھەپتىلىكى> ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان».

ئاندىن جاڭ خوڭلياڭ بۇنىڭغا روشەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا شۇنداق دەيدۇ: «غەرب تاراتقۇلىرى ئوخشاشلا مەركىزىي سىياسىي بيۇرونىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولغان، مۇئاۋىن رەئىس شى جىنپىڭغا قارىتا، تامامەن پەرقلىق رادىكال پوزىتسىيەدە بولماقتا. شى جىنپىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، <ئامېرىكاغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى> توغرىسىدىكى، خىتاي خەلقىنىڭ دىلىنى يايرىتىدىغان نۇتقى سەۋەبلىكلا، غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ زەھەرخەندىلەرچە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. كورىيە تاراتقۇلىرى ھەتتا مۇئاۋىن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كورىيەدىن كەچۈرۈم سورىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، شى جىنپىڭ ئامېرىكاغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنى ھەققانىي ئۇرۇش دېگەنىدى. ھەممىگە مەلۇمكى،

كورىيە بىلەن ياپونىيە بىردەك ئامېرىكانىڭ توقاللىرىدۇر. ئەگەر ئامېرىكا ئارقىسىدا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بەرمىسە، كورېيەنىڭ يۈز يۈرىكى بولغان تەقدىرىدىمۇ خىتايغا خىرس قىلىشقا پېتىنالمىغان بولاتتى».

جاڭ خوڭلياڭ ماقالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا شۇنداق دېگەن: «بىز كورېيەنىڭ بىزگە خىرس قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ۋاقتىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىكى تاراتقۇلارنىڭ خىتاينىڭ ئىككى رەھبىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىكى بۇ خىل ئاشقۇن پەرقكە دىققەت قىلىشىمىز ۋە بۇ ھەقتە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى نېمە ئۈچۈن باش مىنىستىر ۋېن جىاباۋنى بۇنچە ئۇچۇرۇپ، مۇئاۋىن رەئىس شى جىنپىڭنى پۈتۈن جان ـ جەھلى بىلەن چۆكۈرىدۇ؟ ۋەتەنىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر بۇ مەسىلە ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك».

نەتىجىدە، شۇ ماقالىنىڭ ئاستى، خىتاي تورچىلارنىڭ تۈۋەندىكىدەك ئىنكاسلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن: «ماۋجۇشىنىڭ تۈۋەندىكى سۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك: دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى ھىمايە قىلىشىمىز، دۈشمەن ھىمايە قىلغانلىكى نەرسىگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك»؛ «بىرى (شى جىنپىڭنى دېمەكچى) جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان مىللەتچى! يەنە بىرى (ۋېن جىاباۋنى دېمەكچى) خىتاي تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ساتقۇن. خىتاي كومپارتىيەسىدىن چىققان ئەڭ نومۇسسىز خائىن ۋە ۋەتەن ساتقۇچتۇر».

شى جىنپىڭمۇ مۇشۇ خىل مەنتىقىنى داۋاملاشتۇرغان ھالدا، ئۆزى تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەنى ۋېن جىاباۋ باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىنلا بىر قېتىملىق ئىچكى نۇتقىدا، ۋېن جىاۋباۋنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ «دۆلەت سىرتىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش» ئۈچۈن، «ئەتەي تەرەققىيپەرۋەر سىياققا كىرىۋالغان»لىقىنى تەنقىد قىلىپ ئۆلگۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن پارتىيەدىكى ھەممەيلەندىن ئۆزىگە ئوخشاش «قارىلىنىشتىن قورقماسلىق»نى تەلەپ قىلغان.

شى جىنپىڭ ئاشۇ قېتىملىق سىرلىق نامى پۇر كەتكەن «19 ـ ئاۋغۇست» ئىچكى نۇتقىدا يەنە مۇنداق دېگەن: «بىز بىھۇدە تالاش ـ تارتىش قىلىشمايمىز. ئەمما چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىگە، سىياسىي پىرىنسىپلىق مەسىلىلەرگە چېتىلغاندا، مەيدانىمىز مۇجمەل بولماسلىقى كېرەك. بۇ خىل مەسىلىلەردىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قېچىشىمىزغا تېخىمۇ بولمايدۇ. مەيدانىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغاندا، ئاندىن ئىپادە بىلدۈرۈش توغرا ئىش ئەمەس. رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئەڭ ئالدىنقى سەپتە كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. مەن ئىلگىرى رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى بەك ئاياپ كەتسە بولمايدۇ، دېگەنىدىم. بەزى كادىرلار چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدىن ئۆزىنى ئەپقېچىپ، مۇجمەل پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپ، باشقىلارنىڭ <تەرەققىيپەرۋەر> ئەمەسكەن دەپ

قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشىدۇ. بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ! بۇنداق ئوبرازنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بۇ ئەتەي ‹تەرەققىيپەرۋەر› سىياقىدا كىرىۋالغانلىق بولماي نېمە؟ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئوبرازىنىڭ ياخشىلانغان بىلەن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، كادىرلارنىڭ ۋە خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنىڭ ناچارلىشىدۇ. جەمئىيەتتىكى ‹تەرەققىيپەرۋەر›لىك ئاقمايدۇ، چوڭ ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدىمۇ شۇنداق. پارتىيە كادىرى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، جەمئىيەت جامائىتىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشنى ئويلىما. بىز پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرساقلا، (جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشتىن ئىبارەت) بۇنداق نەتىجىنىڭ قولغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز كوممۇنىستلار پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن قان تۆكۈپ قۇربانلىق بېرىشتىنمۇ قورقمىغان تۇرساق، ئانچىكى پۇچەك نام ـ شۆھرەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقامدۇق؟ پارتىيەمىزمۇ كادىرلارنى بۇنداق يالغان نام ـ شۆھرەتلەر ئارقىلىق باھالىمايدۇ. پارتىيە كادىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ‹تالاش ـ تارتىش قىلماسلىق›، ‹مەسىلىنى ئۇلغايتماسلىق› ۋە ‹باشقىلارغىمۇ گەپ قىلىش پۇرسىتى بېرىش› دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى ئاقلىساق، ھەممىگە ياراشقا ئۆرۈنۈپ، ئوڭ ـ سولغا تەۋرەنسەك بولمايدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي كۆرەشتە، رەھبىري كادىرلارنىڭ ھەرقانداق تاماشىبىن بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، كىم يەنە يولداشلىرىمىزغا تەرەپتىن (پىكرىي) ھۇجۇم قىلسا، ئىدىيە تەشۋىقاتى تارماقلىرىمىز چوقۇم (يولداشلىرىمىزنى قوللاپ ۋە ئاقلاپ) گەپ قىلىشى كېرەك، پارتىيە كومىتېتىمۇ چوقۇم گەپ قىلىشى كېرەك! بىز چوقۇم بىرلىككە كەلگەن ئېنىق مەيدانىمىزنى بىلدۈرۈپ، بىر چاقىرىق بىلەن تەڭ ھەممە ھازىر بولىدىغان ۋەزىيەت بەرپا قىلىشىمىز، قارىلىنىشتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك! مەن دائىم كادىرلار چوقۇم دادىل ھالدا مەسئۇلىيەتنى زىممىسىغا ئېلىشى كېرەك دەپ كەلدىم، بۇ دەل (مۇشۇ جەھەتتىكى) مۇھىم سىناقتۇر».

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شى جىنپىڭ بىلەن ۋېن جياباۋ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەمەلىيەتتە ۋېن جياباۋ باش مىنىستىر بولغان، شى جىنپىڭ سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق سۈپىتىدە پارتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، خۇ جىنتاۋنىڭ ئورنىغا چىقىشنى كۈتۈۋاتقان ئاشۇ بەش يىلدىلا باشلانغان.

ۋېن جياباۋ ئۆزىنىڭ باش مىنىستىرلىق مۇددىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا، يەنى 2011 ـ يىلدىن كېيىن، سىياسىي تۈزۈلمىنى، بولۇپمۇ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئاشكارا سورۇنلاردا تەكرار تەكىتلىدى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ يۇ جيې ۋەكىللىكىدىكى ئوڭچىل تەنقىدچىلەر، بۇنى پەقەتلا ۋېن جياباۋنىڭ شەكىل ئۈچۈن قىلىپ قويغان ئىشى دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇ ۋاقىتلاردا مۇنداق بىر مۇھىم ئىچكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش مەۋجۇت ئىدى. ئەينى چاغدا، خىتاي كومپارتىيەسى

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بارلىق پارتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ۋە سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىك سالاھىيىتىگە قوشۇپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شى جىنپىڭنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىگە مەسئۇل بولۇپ قىلغان تۇنجى ئىشى دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى» چاقىرىقىنى چەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ سولچىللىق مەيدانىنى ئىپادىلەش بولغانىدى.

2010 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، يەنى شى جىنپىڭ مەركىزىي سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق سالاھىيىتىدە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بارلىق پارتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان ۋە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، بېيجىڭدا كىچىك كۆلەمدە «يولداش شياۋپىڭنىڭ ‹پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى› دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلغان بولۇپ، ئاشۇ يىغىندىلا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ «يولداش شى جىنپىڭ مەزكۇر خاتىرىلەش پائالىيىتىگە ئانچە قىزىقمايدۇ، شۇڭا خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ۋە مۇھاكىمە يىغىنىدا بەك داغدۇغا قىلىشقا، شۇنداقلا مەركەزدىكى ئاساسلىق تاراتقۇلارنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ بېرىشىدىن ئۆمىد كۈتۈشكە بولمايدۇ ... » دېگەن سۆزى يەتكۈزۈلگەنىدى.

شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئاستا ـ ئاستا «چەكلەنگەن سۆز»گە ئايلاندى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى» دېگەن ئەسىرمۇ بارغانسېرى ئۆگىنىش، تەشۋىقات ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى جەھەتلەردە چەكلەنگەن تېمىغا ئايلاندى. بەزىلەرگە كۆرە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قىسمەن سۆزلىرى كىشىگە خۇددى شى جىنپىڭنى مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەشۋىق قىلىنىشى چەكلەنگەن. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسىرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سۆزلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

«ھوقۇق ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈلمەسلىكى كېرەك. ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىشى سوتسىيالىستىك دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا، كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاسانلا شەخسنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ (يەنى ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىشى) يېڭى شارائىتتا بىيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىش ھادىسىسى شۇكى، ‹پارتىيەنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش› شوئارى ئاستىدا، بارلىق ھوقۇق نامۇۋاپىق ھالدا، ئۆيلىنىلماستىنلا، پارتىيە كومىتېتىغا مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھوقۇقى ھەم كۆپىنچە

ھالLاردا بىر قانچە سېكرېتارغا، بولۇپمۇ بىرىنچى سېكرېتارغا مەركەزلىشىدۇ - دە، ھەممە ئىشقا بىرىنچى سېكرېتار ئىگە بولىدىغان ۋە قارار چىقىرىدىغان بولىدۇ. <پارتىيەنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى> دائىم مۇشۇ سەۋەبتىن شەخسىي رەھبەرلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ».

«پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىماسلىق ۋە پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىنى ئېلىۋېلىش مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك. مەركەزدىكى بىر قىسىم ئاساسلىق رەھبەرلەر ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىمەي، زېھنىنى پارتىيىنى، لىنىيەنى، يېتەكچى پرىنسىپ - سىياسەتلەرنى باشقۇرۇشقا ئاجراتسا بولىدۇ. بۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە ۋە ياخشىلاشقا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە كۈچلۈك خىزمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشىغا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرنى باشقۇرۇشىغا پايدىلىق».

«بىر پارتىيەنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ ئۆز ئۈمىدىنى بىر - ئىككى ئادەمنىڭ نوپۇزىغا باغلىشى ئانچە ياخشى ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى، بۇ خىل ئەھۋالدا، ئاشۇ (ئۈمىد باغلانغان) كىشىدە ئۆزگىرىش بولغان ھامان، (دۆلەتتە) مۇقىمسىزلىق كۆرۈلىدۇ».

«بىر دۆلەتنىڭ تەقدىرىنىڭ بىر - ئىككى ئادەمنىڭ نوپۇزىغا باغلىنىپ قېلىشى ناھايىتى بىنورمال، خەتەرلىك ئىشتۇر. چاتاق چىقمىسىغۇ مەيلى، ئەمما چاتاق چىقىپلا قالسا، ئاقىۋىتىنى تىزگىنلىگىلى بولمايدۇ».

«مەن ئەزەلدىن بىرەر شەخسنىڭ رولىنى كۆپتۈرۈۋېتىشكە قارشى، چۈنكى بۇ داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدىغان، خەتەرلىك ئەھۋالدۇر. بىر دۆلەتنىڭ، بىر پارتىيەنىڭ مۇقىملىقىنى بىر - ئىككى ئادەمنىڭ نوپۇزىغا باغلاش تولىمۇ مۇقىمسىز، ئاسانلا چاتاق چىقىدىغان ئەھۋالدۇر، شۇڭا پېنسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك» (ھالبۇكى، شى جىنپىڭ 19 - قۇرۇلتايدا مەڭگۈ پېنسىيەگە چىقماسلىقتا يول ئېچىپ بولدى، ت).

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېڭ شياۋپىڭ قىرىق يىل ئىلگىرى ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىكى سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى سۈپىتىدە تەنقىد ۋە ئىنكار قىلغان ئىللەتلەر بۈگۈن شى جىنپىڭ تەرىپىدىن تامامەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ھەتتا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىلدى. شى جىنپىڭ باش سېكرېتارنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىغا كىرگەندىن كېيىنكى بەش يىلدا، ئاللىقاچان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نۇقتىسىدىن، بولۇپمۇ «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى» نۇقتىسىدىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەينى ۋاقىتتىلا ۋېن جياباۋنىڭ كۈچلۈك ھوشيارلىقى ۋە ئەندىشىسىنى قوزغىغان. شۇڭلاشقا، ۋېن جياباۋ بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باش مىنىستىرلىق سۈپىتىدە قاتناشقان، خىتاي ۋە چەتئەل مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا،

ختاي زېمىندا قايتىدىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قوزغىلىش مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، قارىماققا بۇ بو شىلەي ۋە ۋاڭ لىجۇننىڭ ۋەكىللىكىدىكى چوڭچوڭ دائىرىلىرىگە قارىتىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شى جىنپىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ختايدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىشكە بولغان ئەندىشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بەلكىم ئەستايىدىل كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، توققۇز يىل ئىلگىرى، يەنى 2012 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ۋېن جياباۋ ختاي ۋە چەتئەل مۇخبىرلىرى ئىشتىراك قىلغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا بو شىلەينىڭ ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ تەنقىد قىلغان، ھەمدە سىياسىي ئىسلاھاتقا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ قايتىدىن قوزغىلىشىدىن ئاگاھ بولۇشقا يەنە بىر قېتىم چاقىرىق قىلغانىدى. ئەتىسىلا، ختاي كومپارتىيەسى بو شىلەينىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىنغانلىقىنى ئېلان قىلغان، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بو شىلەينىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىنىڭ تەكشۈرۈلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ۋېن جياباۋنىڭ «ئائىلە چىرىكلىكى» توغرىسىدىكى «پارتلاش خاراكتېرلىك خەۋەر»نى ئېلان قىلغان ۋە بۇ شى جىنپىڭنىڭ «18 ـ قۇرۇلتاي»دا تەختكە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن تەبرىك سوۋغىسى بولۇپ قالغانىدى.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.rfa.org/mandarin/zhuanlan/yehuazhongnanhai/gx –
05032021150603.html


ختاي مەبلەغ بلەن تەمىنلىگەن كەمبرىج
پروفسسورى

# خىتايدىن مائاش ئالىدىغان كەمبرىج پروفېسسورى

«ئوچۇق دېموكراتىيە» (openDemocracy) تورىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاينىڭ سابىق باش مىنىستىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ «مەبلىغى»نى قوبۇل قىلغان كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى پېتىر نولان (Peter Nolan) ئوقۇغۇچىلارنى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ بارماسلىققا ئۈندىگەن.

پروفېسسور پېتېر نولان بۇ خىل «مۇنازىرىلەرنى تىزگىنلەشنىڭ تەسكە توختايدىغان»لىقىنى، شۇنداقلا مۇنازىرىدە «ھەر ئىككى تەرەپ»كە ۋەكىللىك قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان ۋە بۇ سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ، «ئىختىلاپلىق نەتىجە ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسىز» دېگەن.

«ئوچۇق دېموكراتىيە» تورى قولغا چۈشۈرگەن ۋە «يەكشەنبە ۋاقىت گېزىتى» بىلەن ئورتاقلاشقان يېپىق يىغىن خاتىرىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، نولان: «‹شىنجاڭ›دا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن، توغرا كۆز قاراش مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن.

ئۇ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مۇئامىلىنى چۆرىدىگەن مەسىلىلەرنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت بار بولغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىلەر» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ سابىق رەھبىرى ئايىن دانكان سمىس (Iain Duncan Smith) نولاننىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ «پۈتۈنلەي خاتا» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ تەشۋىقاتچىسىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ئېيتقان.

نولان خىزمەت قىلىدىغان «ئېيسا ئىنستىتۇتى»نىڭ خىتاي بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار. مەسىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتى 2018 ـ يىلى مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ «يەرشارى مەسىلىسى دىيالوگ مەركىزى»گە (GIDC) 200 مىڭ فوندستېرلىڭ «ياردەم پۇلى» بەرگەن. مەزكۇر ئىنستىتۇت يەنە خىتاي تېخنىكا شىركىتى خۇاۋېينىڭ 155 مىڭ فوندستېرلىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلغان.

بۇلتۇر، خۇاۋېي شىركىتى «ئېيسا ئىنستىتۇتى»نىڭ مەلۇم بىر تەتقىقاتىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن، مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تەتقىقاتىدىنمۇ خۇاۋېينى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان «ئىلمىي نەتىجىلەر» ۋۇجۇدقا چىقىرىلغاندىن كېيىن، خۇاۋېي «سۈنئىي ئوبراز يارىتىشقا ئۇرۇندى» دەپ ئەيىبلەنگەنىدى.

نولان ئىلگىرىمۇ مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىدە «چوڭ خۇا رەئىسى»لىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى سەۋەبلىك خەۋەرلەرنىڭ باش بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغانىدى. مەزكۇر رەئىسلىك ئورنىغا 2012 ـ يىلى «چوڭ خۇا فوندى جەمئىيىتى» تەرىپىدىن 3.7 مىليون فوندستېرلىڭ

ئىئانە قىلىنغان بولۇپ، ئېيتىلىشچە مەزكۇر فوند جەمئىيىتىنى خىتاينىڭ سابىق باش مىنىستىرى ۋېن جياباۋنىڭ قىزى كونترول قىلىدىكەن.

خەۋەرلەردە دېيىلىشچە، نولان ئىلگىرى كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋېن جياۋباۋنىڭ قىزىنىڭ پروفېسسورى بولغانىكەن. شۇنداقلا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەبلەغ 2009 - يىلىدىن 2011 - يىلىغىچە بولغان ئارلىقتا، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قاتار مەخپىي ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئەمما، هازىر نولاننىڭ مەزكۇر ۋەزىپىنى ئۆتەش مۇددىتى ئاخىرلاشقان.

هالبۇكى، ئاشكارىلانغان خاتىرىلەردىن ئايان بولۇشىچە، نولان مەزكۇر ئىنىستىتۇتتىكى «خىتاي مەركىزى»نىڭ مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا ئاشكارا مۇنازىرە ئېلىپ بارماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاگاهلاندۇرغان.

ئۇ بۇلتۇر 11 - ئايدا «خىتاي مەركىزى»نىڭ مەسلىهەتچىلەر كومىتېتىغا: «سىلەر هەر ئىككى خىل قاراشقا ۋەكىللىك قىلىشقىلار كېرەك. بولمىسا بۇ ئىنىستىتۇت كىشىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىدىغان ئىنىستىتۇتتەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ» دېگەن.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ «ئاددىي جاۋابى يوق. <شىنجاڭ>دا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن، توغرا قاراش مەۋجۇت ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك قاراش شۇكى، ئۇ يەردە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى هەممە ئادەم بىلىدۇ... (ئەمما، ئۆز نۆۋىتىدە) نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى هېچكىم بىلمەيدۇ» دېگەن.

نولان يەنە ئۆزى «دۇنيا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى» دەپ ئاتىۋالغان (ئەسلىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى دېمەكچى) تەشكىلاتنىڭ «يۈكسەك دەرىجىدە تەشكىلاتلاشقان، ئىنتايىن پائال ۋە خەلقئارالىق تاراتقۇلاردا پەۋقۇلئاددە كۆپ ئورۇن ئالىدىغان»لىقىنى، شۇنداقلا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن «دۆلەتلىك دېموكراتىيە ياردەم فوندى» ئارقىلىق ۋاستىلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئۇ يەنە شۇنداق دېگەن: «(<دۆلەتلىك دېموكراتىيە ياردەم فوندى>نىڭ) مەقسىتى خىتايدىكى ۋە باشقا يەرلەردىكى هاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشتۇر. شۇڭا، سىلەر تاراتقۇلاردا كۆرۈپ، هەممە ئىش <ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم تۇرمامدۇ> دەپ ئويلىۋالغان رېئاللىقلار ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ مۇرەككەپ مەسىلىلەردۇر».

نولان يەنە ئوقۇغۇچىلىرىغا خوڭكوڭ توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى «تىزگىنلەشنىڭ بەسى مۈشكۈل بولىدۇ»غانلىقىنى ئېيتقان.

«بىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرىمىز بار. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا خوڭكوڭ توغرىسىدىكى پائالىيەتلەر پەۋقۇلئاددە تالاش - تارتىشلىق ۋە تەشكىللەش قىيىن بولىدۇ» دېگەندى ئۇ.

ئايىن دۇنكان سمىس «ئوچۇق دېموكراتىيە»نىڭ مەزكۇر تەكشۈرۈشى توغرىسىدا «يەكشەنبە ۋاقىت گېزىتى»گە شۇنداق دېدى: «نولان خۇددى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق قىلمىشلىرىنىڭ باياناتچىسىدەكلا گەپ قىلغان. ئۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى گويا بىۋاسىتە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بايان قىلسا بولىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرۇشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. بۇ خىتاي كومپارتىيەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقتۇر. ئەپۇ قىلىشقا بولمايدىغان، تامامەن خاتا قىلمىشتۇر».

كونسېرۋاتىپلاردىن بولغان پارلامېنت ئەزاسى توم تۇگېنزاتمۇ (Tom Tugendhat) بۇ يىلنىڭ بېشىدا پارلامېنتتا قىلغان سۆزىدە، «ئېيسا ئىنستىتۇتى»نىڭ «خىتاينىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۇچراۋاتقان زۇلۇم توغرىسىدا گەپ قىلمايۋاتقان»لىقىنى ئېيتقانىدى.

چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان توم تۇگېنزات: «بۇ ئەنگلىيەدە ئاكادېمىك ئەركىنلىك بارلىقىغا ئىشىنىدىغان ھەممەيلەننى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى» دېدى.

بۇ خەۋەرگە قارىتا، نولان ۋە «ئېيسا ئىنستىتۇتى» بىردەك «ئاكادېمىك مۇنازىرىدە ھېچقانداق چەكلەنگە تېما يوقلۇقىنى، شۇنداقلا مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ <خىتاي مەركىزى>نىڭ ئۇيغۇرلار ۋە خوڭكوڭ توغرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئىشتىراك قىلغان پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغانلىقى»نى ئېيتتى.

«خەير - ساخاۋەت» مۇناسىۋىتى

«ئېيسا ئىنستىتۇتى»دىكى ئوقۇغۇچىلار يەنە نولان ھاۋالە قىلىنغۇچىسى بولغان «كەمبرىج خىتاي تەرەققىيات ھاۋالە فوندى»نىڭ خىتاي بىلەن بولغان «خەير - ساخاۋەت» مۇناسىۋىتىگە سوئال قويدى.

مەزكۇر ھاۋالە فوندىنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرىنى تەربىيەلەش پروگراممىسى بار بولۇپ، ئۇ خىتاي بازىرىدا ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بار دۆلەت ھالقىغان چوڭ شىركەتلەردىن مىليون فوندستېرلىڭلاپ مەبلەغگە ئېرىشكەن.

خەير - ساخاۋەت ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورگىنىغا يوللانغان ھۆججەتلەرگە كۆرە، 2019 - يىلىغىچە مەزكۇر تەربىيىلەش پروگراممىلىرى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى خىتاي كارخانىلىرىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان.

ئەمما تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ھازىر مەزكۇر پروگراممىنىڭ «خىتايدىكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغىمۇ ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

خىتاينىڭ ھۆكۈمەت تور بېكەتلىرىدىكى سۈرەتلەردە مەزكۇر پروگراممىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئاۋئاتسىيە ئالەم قاتنىشى ساھەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، نوپۇزلۇق سىياسىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە كومپارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بارلىقى كۆرسىتىلدى.

2017 ـ يىلىدىكى ئىشتىراكچىلارنىڭ ئارىسىدا يەنە «خىتاي گۇاڭخې گورۇھى چەكلىك شىركىتى»نىڭ (中国广核集团有限公司) بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىمۇ بار ئىدى. بۇ شىركەت ئەنگىلىيەدىكى بىر قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك يادرو ئېنېرگىيىسى تۈرىگە قاتناشقان بولۇپ، مەزكۇر تۈرلەر ھېلھەم سىياسىيونلار، تاراتقۇلار ۋە بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ سوئال ـ سوراق، شۈبھىلىرىگە دۇچ كەلمەكتە.

ئاكادېمىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىغا كۆرە، خىتاي كومپارتىيىسى مەزكۇر تەربىيەلەش پىروگراممىسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇ پىروگراممىا «خىتاينىڭ دۇنيا كارخانىلىرى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ».

ئېكسېتېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا، خىتاي بىلەن ئەنگىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى سەرخىللار مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مارتىن تورلېي (Martin Thorley) مۇنداق دەيدۇ: «قارىماققا <ئىسيا ئىنستىتۇتى> ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار خىتاي تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇتتەك قىلىدۇ. (ئىسيا ئىنستىتۇتى) بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىنى چۆرىدىگەن ئىچكى مۇلاھىزىلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىشى، شۇنداقلا خىتاي تارماقلىرى بىلەن بولغان دەسلەپكى سۆھبەتكە قاتناشقان شەخس ۋە قانالالارنى ئاشكارىلاشتىن باشلىشى مۇمكىن».

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇجادىلىسى

ئوقۇغۇچىلار ھازىر بۇ مەسىلىلەرگە بولغان ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، «ئىسيا ئىنستىتۇتى»غا «ھەقىقىي ئىلمىي ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش» ئۈچۈن بېسىم قىلماقتا.

مەزكۇر ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى ئاۋرېلىيو پېترۇچچى (Aurelio Petrucci) نولاننىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سۆزلىرىنى «چەكتىن ئاشقانلىق» دەپ، «ئىسيا ئىنستىتۇتى»نىڭ «ئۇچۇر ئاشكارىلاش ياكى ئۆزگەرتىشكە ۋەدە بېرىش تەلەپ قىلىنغاندا ئىزچىل ئوچۇق ـ يورۇق بولمىغان»لىقىنى ئېيتىپ، مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى بىلەن بۇ مەسىلىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە مۇزاكىرە قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدىغان يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلىپ، بارلىق ئىشلارنىڭ <خىتاي مەركىزى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى>دىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى».

مەزكۇر ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى يەنە ئىنستىتۇتنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مالىيە ئالاقىسىدە تامامەن ئوچۇق ـ يورۇق بولۇشىنى، شۇنداقلا خىتاي دۆلىتىنىڭ ياكى خۇاۋېي شىركىتىنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

بۇ پائالىيەت «خىتايغا قارشى پارلامېنتلارئارا ئىتتىپاق»نىڭ (Inter ـ Parliamentary Alliance on China) قوللىشىغا ئېرىشتى. مەزكۇر ئىتتىپاقتا دۇنيادىكى 20 دېموكراتىك دۆلەتتىكى

200 گە يېقىن پارلامېنت ئەزاسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئون نەچچە ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزاسىمۇ بار.

مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ ماسلاشتۇرغۇچىسى لۇك دې پۇلفورد (Luke de Pulford) «ئوچۇق دېموكراتىيە» تورىغا مۇنداق دېدى: «<ئىيسا ئىنستىتۇتى> چوقۇم خىتايغا باغلىنىشلىق مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن بولغان خۇپىيانە مۇناسىۋىتىنى ئاشكارىلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلالمىغان تەقدىردە، بۇ مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ خۇنۈكلەشتۈرىدۇ. بىز دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزنىڭ ئالغان <پارا>لىرى سەۋەبلىك، زامانىمىزدىكى ئەڭ تەخىرسىز مۇنازىرىلەردە سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشىغا يول قويالمايمىز».

«ھېچقانداق تېما چەكلەنمەيدۇ».

نولان بۇ تەكشۈرۈشكە قارىتا مۇنداق دېدى: «مەن <ئىيسا ئىنستىتۇتى>نىڭ مەيدانىنى قوللايمەن، ئىلمىي مۇزاكىرىدە ھېچقانداق تېما چەكلەنمەيدۇ. بۇلتۇر 11 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئىنستىتۇت يىغىنىدا، بىر تۈركۈم ئاكادېمىكلار ۋە ئوقۇغۇچىلار تالاش ـ تارتىش تېمىسىدىكى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەشتە ساقلانغان رىقابەتلەر توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن <خىتاي مەركىزى> كىشىلىك ھوقۇق، ئۇيغۇرلار، خوڭكوڭ ۋە خىتاي بىلەن بولغۇسى ئۆرۈش قاتارلىق تېمىلاردا پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. شۇنداقلا، بۇ پائالىيەتلەرگە خىلمۇخىل پىكىرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەر ئىشتىراك قىلدى».

«ئىيسا ئىنستىتۇتى» بىر پارچە باياناتتا ئۆزىنىڭ «سۆز ئەركىنلىكى ۋە ئىلمىي مۇستەقىللىق پرىنسىپىغا قەتئىي سادىق» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ شۇنداق دېدى: «بىز ئاين دانكان سمىسنىڭ ھەرقانداق پىكىر باستۇرۇلماسلىقى كېرەك دېگەن سۆزىگە تامامەن قوشۇلىمىز. ئىنستىتۇتىمىز ساھىبخانلىق قىلغان يىغىنقى پائالىيەتلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، بىز ھېچقانداق تېمىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەكلىكىنى ياقلايمىز. ئەگەر سىرتقى كۈچلەر ئىلمىي مۇنازىرىنى چەكلەشكە مۇۋەپپەق بولالىسا، ئەھۋال تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ.»

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.opendemocracy.net/en/dark ـ money ـ investigations/cambridge ـ professor ـ role ـ funded ـ by ـ china ـ cautioned ـ uyghur ـ debate ـ peter ـ nolan/



# چىش ساغلاملىقى ئۈچۈن ئون بىر تەۋسىيە

# چىشىڭىزنى ساغلام تۇتۇشنىڭ 11 خىل ئۇسۇلى

## چىشىڭىزنى ئاسراڭ

چىشلارنى ساغلام تۇتۇش، ئۇلارنى ئۆمۈر بويى ياخشى پەرۋىش قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. سىزگە «ئۆنچىدەك چىرايلىق چىشلىرىڭىز بار ئىكەن» دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ھەر كۈنى توغرا تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنى ياخشى ئاسراش ۋە چاتاق چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭىز يەنىلا مۇھىم. بۇ مۇۋاپىق ئېغىز ئاسراش مەھسۇلاتلىرىنى قوللىنىشنى ۋە كۈندىلىك ئادەتلىرىڭىزگە دىققەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداقتا، سىز چىش ساغلاملىقىڭىزغا توغرا رەۋىشتە كۆڭۈل بۆلەلەۋاتامسىز؟

تۆۋەندە بىز چىش ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى بەزى زۆرۈر تەدبىرلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇ تەدبىرلەر ئارىسىدا چوقۇم سىز سەل قاراۋاتقان بىر قانچە نۇقتا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

### 1. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى چوقۇم چىشىڭىزنى چوتكىلاڭ

ئادەتتە كۈندە ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم چىش چوتكىلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇنلىرىمىز كېچىدە چىش چوتكىلاشقا سەل قارايمىز. ئەمما، ئۇخلاشتىن بۇرۇن چىش چوتكىلاش چىشلىرىمىزدىكى كۈن بويى يىغىلىپ قالغان مىكروب ۋە چىش دېغىنى تازىلىۋېتىدۇ.

### 2. چىشنى توغرا چوتكىلاش

چىشنى قانداق چوتكىلاشمۇ ناھايىتى مۇھىم. ئەمەلىيەتتە، چىشنى خاتا ئۇسۇلدا چوتكىلاش چىشنى پەقەتلا چوتكىلىمىغانغا ئوخشاشلا چاتاق ئىشتۇر. چىشلىرىڭىزدىكى داغلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، چىش چوتكىسىنى چىشلىرىڭىزدا سىپايىلىق بىلەن تەكشى ھەرىكەتلەندۈرۈڭ. ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىلمىگەن چىش داغلىرى قاتتىقلىشىپ، چىش مىلىكى ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### 3. تىلىڭىزنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماڭ

چىش دېغى تىلىڭىزغىمۇ يىغىلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ ئېغىز پۇراشتىن سىرت، باشقا ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەر قېتىم چىش چوتكىلىغاندا، تىلىڭىزنىمۇ يېنىك چوتكىلاڭ.

## 4. فتورلۇق چىش پاستىسى ئىشلىتىڭ

چىش پاستىسىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاقارتىش ئۈنۈمى ۋە پۇرىقىدىنمۇ مۇھىم ئامىللار بار. مەيلى قانداق چىش پاستىسىنى تاللىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، تەركىبىدە فتور بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

فتورنىڭ ساغلاملىقىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلار تەركىبىدە فتور بولغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىشتىن ھەزەر قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئېغىز بوشلۇقى ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، جۈملىدىن چىش چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئاساسلىق ماددىدۇر. ئۇ چىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مىكروبلارغا قارشى تۇرۇپ، شۇنداقلا چىشىڭىزنى قوغداش توسىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 5. چىش يىپى ئىشلىتىشنى چىش چوتكىلاشقا ئوخشاش مۇھىم بىلىڭ

دائىم چىشىنى چوتكىلاپ تۇرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر چىش يىپى ئىشلىتىشكە سەل قارايدۇ. چىش دوختۇرى جوناسان شۋارتىز (Jonathan Schwartz) شۇنداق دەيدۇ: «چىش يىپى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت نوقۇل ھالدا چىشىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى چىقىرىۋېتىشلا ئەمەس. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە چىش مىلىكىنى غىدىقلاش، چىش دېغىنى ئازايتىش ۋە بۇ رايوندىكى ياللۇغنى ئازايتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر».

كۈندە بىر قېتىم چىش يىپى ئىشلەتكەندە، يۇقىرىدىكى مۇددىئالارغا يەتكىلى بولىدۇ.

## 6. چىش يىپى ئىشلىتىش جەريانىدىكى قولايسىزلىقلار تۈپەيلى توختاپ قالماڭ

چىش يىپى ئىشلىتىش بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ياشانغانلار، شۇنداقلا كىچىك بالىلار ئۈچۈن تەسكە توختىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ۋاز كەچمەي، چىشىڭىزنى چىش يىپى ئارقىلىق تازىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان قوراللارنى ئىزدەڭ. دورا دۇكانلىرىدا سېتىلىدىغان، ئېچىپلا ئىشلەتكىلى بولىدىغان چىش يىپلىرى بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىڭىزنى قامدىيالىشى مۇمكىن.

## 7. ئېغىز چايقاش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىشنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈڭ

خىلمۇخىل ئالاقىدار ئىلانلار سەۋەبلىك، ئىغىز چايقاش سۇيۇقلۇقى كىشىگە ئىغىز ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى زۆرۈر مەھسۇلاتتەك تۇيغۇ بەرسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق ئۈنۈمى بارلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى ئىشلەتمەيدۇ. شۋارتىز بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «ئىغىز چايقاش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك پايدىسى بار: ئۇ ئىغىزدىكى كىسلاتانىڭ مىقدارىنى ئازايتىدۇ، چىش مىلىكىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى چوتكىلاش قىيىن بولغان جايلارنى تازىلايدۇ ھەمدە چىشنى قايتا مىنېراللاشتۇرىدۇ. ئىغىز چايقاش سۇيۇقلۇقىنى قوشۇمچە قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىش كۆڭۈلدىكىدەك تاللاشتۇر. مېنىڭچە، چىشنى كۆڭۈلدىكىدەك چوتكىلىيالمايدىغان ۋە چىش يىپىنى ئىشلىتىشتە قىينىلىدىغان باللار ۋە ياشانغانلارغا، ئىغىز چايقاش سۇيۇقلۇقى ئالاھىدە ئەسقاتىدۇ».

كونكرېت قانداق ئىغىز چايقاش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىش توغرىسىدا چىش دوختۇرىدىن مەسلىھەت سوراڭ.

## 8. سۇنى كۆپ ئىچىڭ

سۇ ھەرزامان ئىغىز بوشلۇقى ساغلاملىقىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي ساغلاملىقىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىچىملىكتۇر. شۇنداقلا، شۋارتىز ھەر ۋاق تاماقتىن كېيىن سۇ ئىچىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇنىڭ يېپىشقاق ۋە كىسلاتالىق يېمەكلىكلەرنىڭ بەزى سەلبىي تەسىرلىرىنى تۈگىتىشكە پايدىسى بار.

## 9. يېڭى ۋە چۈرۈك مېۋە ـ كۆكتاتلارنى يەڭ

تەييار يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش قولايلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ چىشىڭىزغا نىسبەتەن كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش بولماسلىقى مۇمكىن. يېڭى، چۈرۈك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەركىبىدە تېخىمۇ ساغلام تالا بولۇپلا قالماستىن، ئۇ چىشىڭىز ئۈچۈنمۇ ئەڭ ياخشى تاللاشتۇر. «مەن ئاتا ـ ئانىلارغا باللىرىنى كىچىكىدىنلا يېيىش ۋە چايناش نىسبەتەن قىيىن بولغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە كۆندۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. شۇڭا ھەددىدىن زىيادە كۆپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يۇمشاق نەرسىلەردىن ساقلىنىڭ، يېمەكلىكلەرنى بەك ئۇششاق توغرىۋەتمەي، ئېڭەكلىرىڭىزنىمۇ ئىشلىتىپ قويۇڭ!» دەيدۇ شۋارتىز.

## 10. قەنتلىك ۋە كىسلاتالىق يېمەكلىكلەرگە چەك قويۇڭ

شېكەر ئىغىز بوشلۇقىدا كىسلاتاغا ئايلىنىپ، شۇ ئارقىلىق چىشىڭىزنىڭ ئېمال قەۋىتىنى چىرىتىۋېتەلەيدۇ. بۇ كىسلاتالار چىش قۇرتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىسلاتالىق مېۋە، چاي ۋە قەھۋە

قاتارلىقلارمۇ چىشنىڭ ئېمال قەۋىتىنى خورىتالايدۇ. گەرچە بۇنداق يېمەكلىكلەردىن تامامەن يىراق تۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسىمۇ، ئەمما دىققەت قىلغاننىڭ زىيىنى يوق.

**11. يىلدا كەم دېگەندە ئىككى قېتىم چىش دوختۇرىغا كۆرۈنۈڭ**

كۈندىلىك ئادىتىڭىز ئېغىز بوشلۇقى ساغلاملىقىڭىز ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم. شۇنداقتىمۇ، ئەڭ ئىنتىزامچان چىش چوتكىلىغۇچىلار ۋە چىش يىپى ئىشلەتكۈچىلەرمۇ، قەرەللىك ھالدا چىش دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ تۇرمىسا بولمايدۇ. كەم دېگەندە، يىلدا ئىككى قېتىم چىش دوختۇرىغا چىشنى تازىلىتىپ ۋە تەكشۈرتۈپ تۇرۇش كېرەك. چىش دوختۇرى چىشتىكى تاشنى ئېلىۋېتىپ، قۇرتلىغان چىشلارنى تېپىپلا قالماي، يەنە يوشۇرۇن مەسىلەرنى بايقاپ، داۋالاش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

ئەگەر چىش كېسەللىكلىرى تارىخىڭىز، جۈملىدىن چىش مىلىكى ياللۇغىڭىز ياكى دائىم چىشىڭىز قۇرتلايدىغان ئەھۋال بار بولسا، قەرەللىك ھالدا چىش دوختۇرىغا كۆرۈنۈش سىز ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

**https://www.healthline.com/health/dental – and – oral – health/best – practices – for – healthy – teeth#11. – See – your – dentist – at – least – twice – a – year**



# شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش

رافى كاچادوريان

## شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمدىن قېچىش: ئانارنىڭ ھېكايىسى

**(1)**

ئانار سابىت يىگىرمە نەچچە يېشىدا، ۋانكوۋېردا ياشاۋاتقان چاغلىرىدا دوستلىرىغا «كىشى ئۆز تەقدىرىگە ئىگە بولالايدۇ» دەيتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆز كەچمىشلىرىنىڭ بۇنى دەلىللىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئوچۇق - يورۇق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئانار 2014 - يىلى كاناداغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇ گوبى قۇملۇقىنىڭ غەربىگە، قازاقىستان، سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيەنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان كىچىك شەھەر — كۈيتۇندە تۇغۇلغان بولۇپ، «كۈيتۇن» موڭغۇلچىدە «سوغۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئېيتىلىشىچە، بىر زامانلاردا چىڭگىزخاننىڭ لەشكەرلىرى قەھرىتان قىشتا مۇشۇ يەرگە چۈشكۈن قىلىپ، تىترىگىنىچە «كۈيتۇن» (سوغۇق) دەپ توۋلىغانمىش. ئانارنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدا، بۇ شەھەر تېخى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان چېگرا مۇستەملىكىسى ئىدى، مەزكۇر شەھەر جايلاشقان تالاش - تارتىش ئىچىدىكى رايون يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلاتتى. مەزكۇر رايون 18 - ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن، 1949 - يىلى ماۋ زېدوڭ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانغا قەدەر، ئارىلىقتا ئىككى قېتىم مۇستەقىل بولغان. بېيجىڭ دائىرىلىرى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈلمىگەن بۇ رايوننى «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىدە «新疆» دەپ ئاتايدۇ.

ئانارغا ئوخشاش ئاسىيانىڭ بۇ يىراق رايونىدا چوڭ بولغان قازاق باللار ئەتراپىدىكى ھەممە يەردە ئىشغالىيەت ئىزنالىرىنى كۆرەلەيتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمى ئالياسكانىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرالىنىدۇ. مەزكۇر رايوندا ئەسلىدە ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە يەرلىك باشقا تۈركىي قەۋملەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئەمما ئانار تۇغۇلغان دەۋردە، كۈيتۇن شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى باشقا رايونلارغا ئوخشاش غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. نەچچە ئون يىل مابەينىدە، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى» ياكى «بىڭتۈەن» دەپ ئاتالغان، ھۆكۈمەتنىڭ يېرىم ھەربىي تەشكىلاتى مىليونلىغان كەلگۈندى خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى غايەت زور دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەمدەمدە بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى ئىنقىلابقا قاتناشقان ئەسكەرلەر ئىدى. گەرچە، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا، يەرلىك خەلقلەر يەنىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما كۈيتۇندە ئۇلار «ئاز سانلىق»قا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئانار كىچىكىدىن كومپارتىيىنىڭ مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، گەرچە «بىگتۇەن» ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە مۇستەملىكە خەلقىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇ ئىزچىل ئۆزىنىڭ «خىتاي پۇقراسى»لىق سالاھىيىتىدىن شۈبھىلىنىپ باقمىغانىدى. كۈيتۇندىكى خىتايلار قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كونكرېت مەدەنىيەت پەرقى يوقتەك، ئۇلارنى تومتاق قىلىپلا «مىللىيلار» دەپ ئاتايتتى. ئانارمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا دوختۇر ۋە خىمىيە پىروفېسسورى بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ كەمسىتىشكە ئۇچرىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ باقمىغانىدى؛ ئۇلار ئانارنى خىتايچە مەكتەپكە بەرگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى جېكىلىگەنىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئانار ۋە ساۋاقداشلىرى «بىگتۇەن» ئۈچۈن پەمىدۇر ئۈزگەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بولسا پاختا تەرگەنىدى. ئانار پاختا تېرىشكە ئۆچ ئىدى، چۈنكى پاختا تېرىش ئۈچۈن بىر نەچچە سائەتلەپ ئېگىلىپ ياكى يەردە تىزلىنىپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما، ئاپىسى ئۇنىڭغا بۇ خىل ئەمگەكنىڭ ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تاۋلايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئانارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئۇ 2004 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شاڭخەيگە بېرىپ رۇس تىلى ئۆگەنگەن ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا خىزمەت پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇ شاڭخەيىنى، ئۇ يەردىكى تېز رىتىملىق، ئۈمىدبەخش تۇرمۇشنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا «مىللىي» ئىدى. ئەگەر ئۇ يېڭى تونۇشلىرىغا ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلىكىنى ئېيتسا، سۆھبەت بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالاتتى. بەزى خىتايلار شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى «ياۋايىلار» دەپ قارىغاچقا، ئانارنىڭ خىتايچىنى ئۇ قەدەر راۋان سۆزلىشىدىن ھەيران قالاتتى (خۇددى خىتايچىنى راۋان سۆزلەش مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسىدەك...). ئانار ئوقۇشنى تاماملاشقا ئاز قالغاندا، خۇاۋېي تېخنىكا شىركىتى بىر قېتىملىق خىزمەت يەرمەنكىسى ئۆتكۈزگەن، ئانار ۋە دوستلىرى بىردەك ئىلتىماس سۇنغان. ئەمما، باشقا ھەممەيلەننىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ، ئانار ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى (مىللىي تەۋەلىكى) سەۋەبلىك يۈز تۇرانە ئىمتىھانغا كىرىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئانار بۇ خىل كەمسىتىلىشنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشنى يوشۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى ۋە ئېيپى كەلگەندە ئۆزىنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىن ئەمەس) باشقا يەردىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، يالغان سۆزلەپ قويىدىغانمۇ بولۇۋالدى. كېيىن، ئۇ مەلۇم بىر مەبلەغ سېلىش شىركىتىدە يۇقىرى مائاشلىق خىزمەت تاپتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ھاياجانلىق خىزمەت بولۇپ، ئۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن رۇسىيە، لائوس، خوڭكوڭ ۋە باشقا جايلارغا بارالايتتى. شۇنداقلا، ئۇ بۇ يەردىكى خوجايىنى ۋە خىزمەتداشلىرىنى ياقتۇراتتى.

ئانار شاڭخەيدىكى ۋاقتىدا، ئاتا - ئانىسى قازاقىستانغا كۆچمەن بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىمۇ بىللە كېتىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئانار ئۇنىمىدى. ئۇ خىتاينىڭ (قازاقىستاندىن) تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە ئىلغار

ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ھاياتى بويىچە ئۆرنەكلىك پۇقرا بولۇشقا تىرىشقان بولۇپ، گەرچە يۇرتىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت كۆنسېرى جىددىيلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز كەلگۈسىنىڭ خىتايدا ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى.

2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا قاتتىق جېدەل يۈز بەردى. جېدەل ئەسناسىدا، بىر توپ خىتاي ئىككى ئۇيغۇر ئىشچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىنكى ئايدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە، يۈزلىگەن ئۇيغۇرلار كوچىلارغا چىقىپ، خىتاي بايرىقىنى لەپىلدىتىپ «ئۇيغۇر» دەپ توۋلىدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولغانىدى. ساقچىلار بۇ تىنچ نامايىشنى زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇشقا ئۇرۇنغاچقا، مالىمانچىلىق يۈز بەردى. يۈزلەرچە (بەلكى مىڭلارچە) كىشى يارىلاندى ياكى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە يۈزلەرچە كىشى قولغا ئېلىندى. قىرىقتىن ئارتۇق ئۇيغۇر يوقاپ كەتتى دېيىلدى، كېيىن نەچچە ئون كىشى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى (يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلار بولۇپ، ئەمەلىي سان ـ سىفىرلارنىڭ بۇنىڭدىن ھەسسىلەپ كۆپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار مەۋجۇت، ت).

شۇ مالىمانچىلىقتىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئانار بىر قانچە خىزمەتدىشى بىلەن كاماندىروپكىغا چىقماقچى بولدى. ئۈرۈمچىدە ئايروپىلان ئالمىشىدىغان چاغدا، ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۇنى بىر چەتكە چاقىرىپ، ئۇنىڭ «شىنجاڭلىق» بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالاھىدە ئىجازەت ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. خىزمەتداشلىرى كېتىپ قالدى، ئەمما ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تولۇقلاش ئۈچۈن «شىنجاڭ مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى»دا بىر كۈن ھايال بولدى.

كومپارتىيەنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئىشەنگەن ئانار بۇ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىش زۆرۈر دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كۆڭلىدىكى ياتلىنىشنى ھېس قىلماي تۇرالمىدى. ئۇ خىتايدا قەيەرگە بېرىشتىن قەتئىينەزەر، يەنىلا «يات» ئىدى. ئۇ شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى بۇ شەھەردىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز بىنالارغا قاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئۇلارنىڭ مەن بىلەن زادى نېمە مۇناسىۋىتى بار؟» دەپ سوئال قويىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئانار ۋانكوۋېرغا كۆچۈپ كەتكەن دوستى بىلەن پاراڭلاشتى ـ دە، ئارقىدىن ئۆزىمۇ ۋانكوۋېرغا باردى. ئۇ يەردىكى ئېچىۋېتىلگەن مۇھىت ۋە پۇرسەتلەر ئانارنى ئۆزىگە جەلب قىلدى. ئۇ يەرلىك كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەممىمىي قىزىقىشىنى ئىپادىلىدى. ئۇ سودا كەسپلىرى ئۇنۋانى كۇرسىغا تىزىملىتىپ، يازدا ۋانكوۋېرغا قايتىپ تۇرالغۇ ۋە بىر ياتاقداش تاپتى. ئۇنىڭ شۇ يەردە بىر توپ دوستلىرىمۇ بار بولدى. ھايات ئۇ ئۆزى بېكىتكەن يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولۇپ، ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى.

ھالبۇكى 2017 ـ يىلى ئەتىيازدا، ئانارنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى ـ يۇ، ئەمما ئۇنى قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، دادىسىنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى، قايتىپ كېلىپ دادىسىنى يوقلاپ قويۇشنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ئانار دەم ئېلىۋاتقان بولغاچقا، دەرھال قازاقىستانغا قاراپ ئۇچتى. ئۇ ئايروپىلانغا چىقىشتىن ئىلگىرى، يانفونىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار بىر سۆھبەت توپىغا كىرىپ، بىر تۇغقىنىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسىدە قازاقچە يېزىلغان «ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن» دېگەن خېتىنى كۆردى. ئانار ئۇنىڭ ئىچىدىكى «جەننەت» دېگەن خەتنىلا ئوقۇيالايتتى. ئۇ يولبويى ئازابلىق پەرەزلەر ئىلكىدە قىينالدى. ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن، ئانارنىڭ ئاپىسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغانلىقىدىن خەۋىرى يوق بىر تۇغقىنى ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈۋىدى، ئانار دادىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى بىلىپ، كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى.

ئاپىسىنىڭ قايغۇدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىنىنى كۆرگەن ئانار ئاپىسىنىڭ يېنىدا قېلىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشنى قارار قىلدى. ئۇ خوجايىنىدىن بىر نەچچە ئايلىق رۇخسەت سورىۋىدى، خوجايىن خىزمەت ئورنىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنچە ئۇزۇن بوش قالدۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئانار خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى ۋە ۋانكوۋېردىكى دوستلىرىغا تېلېفون قىلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىسكىلاتقا قويۇپ قويۇشنى جېكىلىدى.

شۇ يىلى يازدا، ئانار دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاپىسى بىلەن بىللە كۈيتۇڭگە قايتماقچى بولدى. بىر دوستى ئۇنى شەرقىي تۈركىستانغا بارماسلىققا ئۈندەپ: «شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلققە قارىتىلغان باستۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقى توغرىسىدا مىش ـ مىش گەپلەر بار. ئاڭلىشىمچە، قازاق سودىگەرلەر چېگرادىلا يوقاپ كېتىۋېتىپتۇمىش» دېدى. ئەمما، ئانار تېخى بىر قانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇ يەرگە بېرىپ باققان ۋە ھېچقانداق چاتاققا دۇچ كەلمىگەنىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئاپىسىغا ھەمراھ بولغۇسى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يۇرتىدا ئىككى ھەپتە تۇرۇش جەريانىدا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەجدادلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئانار بىلەن ئاپىسى ئايروپىلان ئارقىلىق قازاقىستانغا قايتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايرودرومىغا چىقتى. ئۇلار ئايرودرومغا كەلگەندە يېرىم كېچە بولغان بولۇپ، زال قۇپقۇرۇق ئىدى. تاموژنىدىن ئۆتىدىغان چاغدا، ساقچى ئانارنىڭ ئاپىسىنىڭ پاسپورتىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەمما ئانار ئۆز ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرغاندا، ساقچى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ، ئارقا تەرەپتىكى ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

«ئەنسىرىمەڭ، ھەقاچان بىرەر رەسمىيەت بېجىرىدىغان ئىش چىقىپ قالغان چېغى» دېدى ئانار ئاپىسىغا تەسەللى بېرىپ. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ساقچى قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر

ئۇيغۇر ئەمەلدار بار ئىدى. ئۇ ئانارنى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ: «سىز بۇگۈن ماڭالمايسىز. شۇڭا يا ئاپىڭىز ئاۋۋال ماڭسۇن، يا ئىككىڭلار قېلىڭلار، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار مەسلىھەتلىشىڭلار» دېدى.

ئاپىسىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى ۋە ساقچىلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى، ساقچىلار: «بىز ئۇنىڭدىن بەزى سوئاللارنى سورىماقچى» دېيىش بىلەن كۇپايىلەندى.

ئانار ئاپىسىغا: «سىز مېڭىۋېرىڭ، مەن بۇگۈن مېڭىشقا ئۈلگۈرەلمىگۈدەكمەن، شۇڭا بېلەتنى ئۆزگەرتىپ ئەتە يولغا چىقاي» دېدى.

ئۇلار كىيىملىرىنى بىر چامادانغا قاچىلىغانىدى. يۈك ـ تاقلارنى ئايرىغاندا، ئاپىسى يىغلاپ كەتتى، ئانار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتىن باشقا ئىش قىلالمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپىسى ياش تۆككىنىچە ئايروپىلانغا چىقىش ئېغىزىغا قاراپ ماڭغاندا، ئانار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئاپىسى كەتكەن هامان، هېلىقى ئەمەلدار ناهايىتى توڭلۇق بىلەن ئانارغا ئۇنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «چېگرادا كونترول قىلىنغۇچى» چېكىتى قويۇلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە «بايا ئاپاڭ يېنىڭدا بولغاچقا، كۆپ گەپ قىلمىدىم. هازىر شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ياخشى بىلىسەنغۇ دەيمەن، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ماسلاش» دېدى.

(2)

ئۈرۈمچى دىۋوپۇ ئايرودرومىدا، بىر خادىم ئانارغا «تۇتۇپ تۇرۇش بۇيرۇقى»نى كۆرسەتتى. بۇ بۇيرۇق 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چىقىرىلغانىدى. ئانار سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىلدى. ئۇنىڭ تېلېفونى ۋە ماتېرىياللىرى مۇسادىرە قىلىندى، ئايرودروم مەسئۇللىرى ئۇنىڭ «ۋىدىيولۇق سوراق» قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئۇ بىر كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى ۋە بىرەيلەن ۋىدىيو ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا سوراق قىلىشقا باشلىدى، ئەمما ئانار ئۇيغۇرچە بىلمەيتتى (چىن چۆەنگو خىزمەتكە ئالغان، باستۇرۇشقا مەسئۇل خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى باستۇرۇش ئوبيېكتى بولغان يەرلىك مىللەتلەردىن ئىدى).

ئانار ئۇنىڭغا «خىتايچە گەپ قىلغان بولسىڭىز» دېگەندىن كېيىن، قارشى تەرەپ ئانچە راۋان بولمىغان خىتايچىسى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پاسپورتىغا نېمىشقا شۇنچە كۆپ ۋىزا قويۇلغانلىقىنى (يەنى نېمىشقا شۇنچە كۆپ جايلارغا بارغانلىقىنى)؛ نېمىشقا ئالمۇتادىكى خىتاي كونسۇلخانىسىدا بىر قېتىم پاسپورت ئالماشتۇرغانلىقىنى سورىدى. ئانار قازاقىستانغا ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ بارغانلىقىنى، ساياهەت جەريانىدا ۋىزا قويىدىغان پاسپورت بېتى تۈگەپ قالغاچقا، خىتاي كونسۇلىغا بېرىپ پاسپورت ئالماشتۇرغانلىقىنى

ئېيتتى. بىر سائەتتىن كېيىن، بىر ئەسكەر ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ بېشىدا قاراپ تۇردى. ئۇ «ئەمدى قويۇپ بېرىلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىغانىدى. چۈنكى، ئۇ سورالغان سوئاللارغا سەممىي جاۋاب بەرگەن ئىدى، خىتاي دائىرىلىرىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاسانلا دەلىللىيەلەيتتى. ئەمما، ئۇ قايتىدىن بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىپ، ئىككى ئەسكەر تەرىپىدىن نازارەت قىلىندى.

ئايرودرومدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدار تونجى قېتىم ئۇنىڭغا «چېگرادا كونترول قىلىنغۇچى» دەپ چېكىت قويۇلغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئانار ئۆزىنىڭ قانداق خاتالىق ئۆتكۈزگىنىنى سورىۋىدى، ھېلىقى ئۇيغۇر ئەمەلدار: «نېمە قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە ئايان، ھازىر سەن كۆيتۆن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ كېلىپ سېنى ئەكېتىشىنى ساقلا» دېدى. ئانار ئۇلارنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئاچچىقلانغىنىچە: «بۇ ئۇلارنىڭ قاچان يولغا چىقىشىغا باغلىق» دېدى.

دەل شۇ چاغدا، رادىيودىن ئۇ چىقماقچى بولغان ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىندى. ئانار ئاپىسىنىڭ ئايروپىلاندا تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ ئاشۇ ھالەتتە ئولتۇرغاندا، ئىككى قاراۋۇل ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىككىلىسى يىگىرمە ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان بولۇپ، ھەربىيگە قاتنىشىپ، «ئىچكىرى»دىن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەنىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكىلەر خىتاي ئۆلكىلىرىنى «ئىچكىرى» دەپ ئاتىشاتتى. ئىككى قاراۋۇل بەزى كىشىلەرنىڭ نېمىشقا خىتايدىن كەتكۈسى بارلىقىنى، يەنە كېلىپ قازاقىستانغا كېتىشنى ئويلايدىغانلىقىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلاردىن بىرى ھەتتا «قازاقىستان شۇنچە نامرات، شۇنچە قالاق تۇرسا» دەپ قوشۇپ قويدى. ئەمما، ئانار ئۇلارغا ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكنى توغرا تاپتى.

تەخمىنەن ئالتە سائەتتىن كېيىن، كۆيتۆن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى بىر قانچە ياش ساقچى يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارا كىيىم كىيىۋالغانىدى. ئايرودروم مەسئۇللىرى ئانارنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەندە، ئۇنىڭغا «ئەگەر مەسىلەڭ بولمىسا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى <چېگرادا كونترول قىلىنغۇچى> دېگەن چېكىتنى ئېلىۋېتىدۇ، شۇ چاغدا چەتئەلگە چىقالايسەن» دېدى. ئانار «بەلكىم ئۇ مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى كۆرۈپ يەتكەن ئاق كۆڭۈل ئادەم بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

سىرتتا، ئەمدىلا تاڭ يورۇغانىدى. جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىكىلەر ئانارنى ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن ساقچى ئولتۇردى. بۇ ساقچىلارنىڭ يېنىدا كويزا بار ئىدى. كېچىچە ماشىنا ھەيدىگەنلىكتىنمىكىن ئەيتاۋۇر، ئۇلار تولىمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇلار ئانارغا بولغان ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرمىدى. بىر ئىستىخبارات خادىمى شوپۇرنىڭ يېنىدىكى

ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ ماڭدى. شوپۇر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى 170 كىلومېتىر/سائەتكە چىقىرىپ، كۆيتۇنگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار ساقچى ئىدارىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانارنى يەر ئاستى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۇ يەردە بىر قانچە كامېر بار ئىدى. ئۇلار تار كامېرنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئانارنى شۇ يەرگە سولىماقچى بولدى. ئانار تۇيۇقسىزلا ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ يىغلاپ كەتتى ۋە «مېنى بۇ يەرگە سولىمساڭلار بولامدۇ؟ مەن يامان ئادەم ئەمەس، مەن ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئىشخانىدا ساقلاپ تۇرسام بولامدۇ؟» دەپ يالۋۇردى.

ھېلىقى ئىستىخبارات خادىمى: «بىز سېنى دەپ 500 كىلومېتىر يول يۈردۇق. ئەمدى بېشىمىزنى ئاغرىتما» دېدى. ئۇ كامېرغا كىرىپ، تاملارنىڭ پىلاستىك كۆپۈكلەر بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ مەھبۇسلارنىڭ (تامغا ئۇسۇپ) ئۆلۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلدى. كامېردا يۇمشاق سىلىنچىلىق ئۇزۇن ئورۇندۇقتىن ئىككىسى بار بولۇپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى تامغا تۆرۈبا ئورنىتىلغانىدى. تۆرۈبا ئۈستىدىكى بەلگە ئۇنىڭ كويزا سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ئانار بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

كامېرنىڭ سىرتىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ياردەمچى ساقچى ئۇنىڭغا: «بىر دەم ئارام ئېلىۋالغىن» دېگەندىن كېيىن، ئۇ ئاستا بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بۇ ياردەمچى ساقچى خىتاي بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرالىنىدىغان نامرات ئۆلكىسىدىن كەلگەنىدى. مەزكۇر ئۆلكە شەرقىي تۈركىستانغا خىزمەتچى قوبۇل قىلىشتىكى ئاساسلىق رايونلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ئانارغا سوراق قىلغۇچىلارنىڭ ئەتىگەن سائەت توققۇزدا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئانارنىڭ ئارخىپىنى قولغا ئېلىپ، ئارخىپنىڭ تولىمۇ نېپىز ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇنىڭ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئانارنىڭ كۆڭلى بەكلا پاراكەندە بولۇپ، دوستلىرىنىڭ خىتايغا قايتماسلىق توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى ئەيىبلىمەي تۇرالمىدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئېلان قىلىنمىغان گۇۋاھلىق سۆزىدە «ئەنسىزلىك خۇددى چۈمۈلىدەك مېنى ئاستا ـ ئاستا يەپ كېتىۋاتاتتى» دەپ يازغانىدى.

ھەر بىر مىنۇت ئۆتكەنسېرى، ئۇنىڭ مەلۇم بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ساقچى ئەمەلدارىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭغا «مېنى خاتا تۇتۇپ قالدىڭلار» دېيىش ئىستىكى شۇنچە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، بىر ئەر، بىر ئايال ئىككى ساقچى ئانارنى «يولۋاس ئورۇندۇق» بار سوراقخانىغا ئېلىپ كىردى. ئانار بۇنى كۆرۈپ بەكلا قورقۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەر ساقچى بىرەيلەننى ئادەتتىكى ئورۇندۇق ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى ۋە: «بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇقىڭا ھۆرمەت قىلىنىدۇ، سەن

بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ماسلىشىپ، سوئاللارغا ئەينەن جاۋاب بەرسەڭلا، مەسىلە چىقمىسا، سىنى قويۇپ بېرىمىز» دېدى.

ئانار قاتتىق دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئاشقازىنى سانجىپ ئاغرىپ كەتتى. ساقچىلار ناشتىلىق ئەكىرگۈزگەن بولسىمۇ، ئانار ئۇنى يېيەلمىدى ۋە تازىلىق ئۆيىگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى.

بىر ئايال ساقچى ئۇنىڭغا «بۇ ياققا كەل» دېدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئانارنىڭ كامېرنىڭ يېنىدىكى، كۆزىتىش كامېراسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھاجەتخانىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغانىدى. ئانار ساقچىغا «كامېرانىڭ ئۇدۇلىدىكى ھاجەتخانىغا كىرمىسەم بولامدۇ؟» دېۋىدى، ساقچى ئۇنى باشقا قەۋەتتىكى ھاجەتخانىغا ئاپاردى. ئانار ھاجەتخانىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ قارشى تەرەپتىكى سوراق ئۆيىنىڭ ئىچىگە قارىدى ـ دە، ئاپپىلسىن رەڭلىك جىلىتكە ۋە قارا ئىشتان كىيگەن بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ بېغىشى بىلەن پاچاقلىرى مىدىرلىماس قىلىۋېتىلگەن ھالدا «يولۋاس ئورۇندۇق»قا ئولتۇرغۇزۇلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يىگىتنىڭ ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ، يۈزلىرى مەينەت، كۆزلىرى گۇنىسىز، بېشى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. قارا كىيىملىك ساقچى ئۇنىڭغا ۋارقىراۋاتاتتى. ئانار يېنىدىكى ساقچىغا ئەگىشىپ ئۇ سوراقخانىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ سوراقخانىسىغا قايتىپ كىردى.

سوراق قىلىنىپ باقمىغانلارنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، سوراق ـــ تەكرارلاش دېمەكتۇر. سوراق قىلغۇچى ئوخشاش سوئالنى توختىماي تەكرارلايدۇ ۋە سوراق قىلىنغۇچىنىڭ جاۋابىدىكى زىل پەرقلەرنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنىڭ ئىچىدىن قارشى تەرەپ يوشۇرغان ئەھۋالنى بىلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئانار بىر نەچچە سائەت سوراق قىلىندى. ساقچىلار ئۇنىڭدىن ئايرودرومدا ئاللىبۇرۇن سورىلىپ بولغان سوئاللارنى قايتا ـ قايتا سورىدى. ئانار گەپ قىلىۋاتقاندا، كارىدورنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇيغۇر يىگىت بار سوراقخانىدىن چىقىۋاتقان شاپىلاق ئاۋازىنى ۋە توك سوقتۇرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇردى. ھېلىقى ئۇيغۇر يىگىت توختىماي ئېچىنىشلىق چىرقىراۋەرگەچكە، ئانار زېھنىنى يىغىشقا ئامالسىز قالدى. باش سوراقچى ھەمراھىغا: «قارشى تەرەپتىكى سوراقخانىدىكىلەر ئەمدى ئۇرۇۋەرمىسۇن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ دەستىدىن ئىش قىلالمىدۇق» دېۋىدى، ئۇزاق ئۆتمەي قارشى تەرەپتىكى سوراقخانا جىمىپ قالدى، ئەمما بۇ جىمجىتلىق پەقەت بىردەملىكلا ئىدى.

سوراقچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىرەيلەن چۈشلۈك تاماق ئەكەلدى، ئەمما ئانار ئۇنىمۇ يېيەلمىدى. بىر ئۇيغۇر ساقچى ئۇنىڭغا ئىسسىق سۇ ۋە ئاشقازان دورىسى ئەكىرىپ بەردى. ئانار ئۇنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن «ئاكا» دەپ چاقىردى.

ئۈچ سائەتتىن كېيىن، باش سوراقچى قايتىپ كېلىپ: «سەن بىر مۇنچە مەسىلە بار دۆلەتلەرگە بېرىپسەن، شۇڭا سىنى قايتا سوراق قىلىمىز» دېدى. ئانار قايسى دۆلەتلەرنىڭ «مەسىلە بار» دۆلەتلەر

ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، سوراقچى «ئامېرىكا، تايلاند، مالايسىيا، قىرغىزىستان، قازاقىستان ۋە رۇسىيە» دېدى.

ئۇ: «ئامېرىكانى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە خىزمەت سەۋەبى بىلەن باردىم. ئىلگىرىكى شىركەتتىكى خىزمەتداشلىرىم بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدۇ» دېدى.

ئىككىنچى قېتىملىق سوراق ئاخىرلاشقاندا، ئاللىقاچان كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى «ئاكا» سوراقخانىغا كىرىپ كەلدى، ئانار خۇددى قۇتقۇزغۇچىسىنى كۆرگەندەك: «ئاكا، مەن ئەمدى كەتسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، «ئاكا» بېشىنى چايقىغىنىچە: «ماۋۇ ئىسسىق سۇ قاچىلانغان شىشە يېنىڭىزدا قالسۇن، تاماقنى ياخشى يەڭ» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئاندىن ئۇنى ئايرودرومدىن ئېلىپ كەلگەن ئىستىخبارات خادىمى ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ كەلدى.

ئانار «ئەمدى ئۆيگە قايتسام بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى ئىستىخبارات خادىمى «بارغاندا بىلىسەن» دېگىنىچە، ئۇنى باشلاپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. يەنە بىر ئەر كېلىپ ئۇنىڭ قولىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىۋىدى، ئىستىخبارات خادىمى بېشىنى چايقىغىنىچە: «ئۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن، شۇڭا ئۇنى ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ» دېدى.

## (3)

ئانار ئۇنى ئايرودرومدىن «يالاپ» ئەكەلگەن ئىستىخبارات خادىمى بىلەن بىر ماشىنىغا چىقىرىلدى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، بالىلىق چاغلىرىدىكى كۆيتۇن شەھىرىنىڭ ئاساسەن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار غەربكە، ئۇ چوڭ بولغان مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئانار ئەينى چاغدىكى ھالىتىنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «كۆڭلۈمدە شۇنداق بىر ئۈمىد ياكى خام خىيال تۇغۇلدىكى، ماشىنا گويا ئىلگىرىكى ئۆيىمىزگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم». ئەمما، ئۇلار بېيجىڭ غەربىي يولىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان ساقچىخانىغا باردى. ئانار ساقچىخانىنىڭ زالىدا ئىلگىرىكى قوشنىسىنى، يەنى دادىسى بىلەن بىر مەكتەپتە دەرس ئۆتىدىغان بىر بوۋاينى كۆردى. ئانار ئۇنىڭ قىزى بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدى. ئانار پەس ئاۋازدا، قازاقچە «ياخشىمۇسىز، تاغا. مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟» دېۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى ۋە ئۇنى گەپ قىلماسلىققا ئۈندىدى.

ئانارنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. كېيىن ئۇ شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ شۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنى كۆرگەندە، تېخى يېقىندىلا ئالەمدىن ئۆتكەن دادامنى كۆرگەندەك بولغاندىم، شۇنداقلا پەۋقۇلئاددە قورقۇنچ ۋە خورلۇق ھېس قىلىۋاتاتتىم (شۇڭا ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش كەلگەنىدى)».

ئانار بىر هاملدار ساقچىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا بۇيرۇلدى. ئۇلار مېڭىۋاتقاندا، هېلىقى ساقچى يۇمشاق ئاھاڭدا، قازاقچە: «ئۇلار نېمە دېسە شۇنى قىلىڭ، ھەرگىز قارشىلىق قىلماڭ، بولمىسا جاپا تارتىپ قالىسىز» دېدى. بىر مەخپىي ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ساقچىلار ئانارنى كىيىملىرىنى سېلىشقا بۇيرۇدى. هېلىقى هاملدار ساقچى ئانارنىڭ بەدەنلىرىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ زىبۇزىننەت ۋە ئاياغ بوغقۇچىنى مۇسادىرە قىلدى.

زالغا قايتقاندىن كېيىن، يەنە بىر ساقچى ئۇنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى خاتىرىلىدى. بۇ ساقچى قارىماققا ئۇيغۇر ياكى قازاقتەك قىلاتتى، ئانار تۇيۇقسىزلا جاسارەتلىنىپ «مەن نېمىشقا بۇ يەردە قالىمەن؟» دەپ سورىدى.

هېلىقى ساقچى: «سېنى بىر گەۋدىلەشكەن سۇپا (تولۇق ئىسمى «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» (一体化联合作战平台) بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ هاكىمىيەت تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن بارلىق ئۇچۇرلىرى كىرگۈزۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە نازارەت قىلىدىغان، شۇنداقلا شۇ ئارقىلىق كىملەرنىڭ «گۇمانلىق»، «خەتەرلىك» ئىكەنلىكىنى بېكىتىدىغان قورقۇنچلۇق رەقەملىك كۆزىتىش سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنى دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ئىلغار كۆزىتىش تېخنىكىلىرىنىڭ مۇستەبىت هاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشىنىڭ مىسلىسىز ئۆرنىكى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ژۇرنىلىرىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىغا بېسىلغان، «يېڭى لىنىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى»نىڭ «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى»ناملىق دوكلاتىنىڭ ئالاقىدار بۆلەكلىرىدىن نىسبەتەن ئەتراپلىق ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيسىز، ت) نىڭ خادىملىرى ئېلىپ كەلدى، سەن نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بېرىپسەن، قارىغاندا مەسىلەڭ ئېغىردەك قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان پېشقەدەم پىروفېسسورنى كۆرسىتىپ: «ئۇ قازاقىستانغا قىرىق نەچچە قېتىم بېرىپ كەپتۇ، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگىنىگە ئون كۈن بولۇپ قالدى، قارىغاندا سەنمۇ مۇشۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلىسەن» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئانار قاتتىق ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندا، بوۋاي پەس ئاۋازدا: «بالام، سىز قىزىم بىلەن بىللە چوڭ بولغان، ئۆزۈمنىڭ قىزىغا ئوخشاش تۇرىسىز، سىزنى قانداقمۇ تونۇماي قالاي؟ ... دادىڭىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن» دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئېھتىياتچان بولۇشنى، چىداشنى، كومپارتىيەنى تەنقىد قىلماسلىقنى، چەتئەلگە چىققاندا كۆرگەنلىرىنى ماختىماسلىقنى جېكىلىگەندىن كېيىن: «چوقۇم قەيسەر بولۇڭ، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇ يەردە قورقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، يېنىڭىزدا تاغىڭىز بار» دېدى.

تۆتۈپ تۇرۇلغانلار ئادەتتە سوراقخانىدا ــ ئەرلەر بىر تەرەپتە، ئاياللار بىر تەرەپتە ئۇخلايتتى، ئەمما سوراقخانا تولۇپ كەتكەچكە، شۇ كۈنى كەچتە، ساقچىلار زالغا بىر ھەربىيچە كارىۋات قويۇپ بەرگەن بولۇپ، ئانار بىلەن يەنە بىر ياش قىز شۇ كارىۋاتتا تەك ياتتى. ئۇ قىز قىزىل رەڭلىك كۆينەك كىيىۋالغانىدى. «ئۇ بەكلا ئورۇق ئىدى ۋە بىغۇبار كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە جىممىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم» دەيدۇ ئانار.

ئۇلار ئاشۇ كارىۋاتتا قىستىلىشىپ يېتىشتى. ھېلىقى قىز ئۆزىنىڭ ئۇقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى، زاپيا (Zapya) دېگەن ھۆججەت ھەمبەھرلىشىش يۇمشاق دېتالىدىن مۇزىكا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتتى. خىتاينىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى»نىڭ خادىملىرى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تىزىملاپ تۇرىدىغان، «گۇمانلىق» يۇمشاق دېتاللاردىن نەچچە ئونى بار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ كونكرېت قايسى دېتاللار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ھېلىقى قىزنىڭ ئانارغا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشى ۋە يەنە بىر قاسساپمۇ زاپيا يۇمشاق دېتالىنى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغانىكەن.

بۇ 7 ـ ئاي مەزگىللىرى بولغاچقا، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق، يەنە كېلىپ پاشا تولىمۇ كۆپ ئىدى. ئانار پاشىلارنىڭ دەردىدە كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. زالدىكى چىراغلار كېچىچە يورۇق تۇرغان، شۇنداقلا ساقچىلارنىڭ سۆزلىشىش ئاپپاراتىدىن چىققان شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرغانىدى. ساقچىلار بۇ يەردە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر، ھاراقكەشلەر، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە باشقا يېنىك جىنايەت سادىر قىلغانلارنىڭ دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلاتتى ۋە بۇ يەرگە ئەكېلىنگەنلەرگە تولىمۇ قوپال مۇئامىلە قىلاتتى. بىر قېتىم، يولۋاس ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلغان بىر ئەر (قىيىن ـ قىستاققا چىدىماي): «ياشىسۇن ماۋ زېدوڭ! ياشىسۇن كومپارتىيە!» دەپ تۋۇلۋەتكەنىدى.

ئەتىسى ئانار دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ، سالامەتلىك ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ئۇلار ئۇنىڭ قان ۋە سۈيدۈك ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ، ئېلېكترو كاردىئوگراما، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ۋە رېنتگېن قاتارلىق ئۈسكۈنىلەردىمۇ تەكشۈردى. ساقچىخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ساقچىلار ئۇنى رەسىمگە تارتىپ، بارماق ئىزى ۋە DNA ئەۋرىشكىسىنى ئالدى. ئۇلار يەنە ئۇنىڭ كۆز پەردىسىنى سكانېرلىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئاۋاز ئەۋرىشكىسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر مىكروفونغا قاراپ گەپ قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ سانلىق مەلۇماتلىرى چوقۇم «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى»غا يوللىنىشى كېرەك ئىدى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئانار بىلەن ھېلىقى ئۇيغۇر قىز سوراقخانىدا ئۇخلىدى، ئەمما ئۇ يەر زالدىنمۇ بەتتەر ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەرنىمۇ پاشا بېسىپ كەتكەن، سۆزلىشىش ئاپپاراتىنىڭ ئاۋازى يەنىلا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن سىرت ئانار ئەمدى باشقا ئىككى ئايال بىلەن كىچىك تۆمۈر قەپەسكە سولىنىپ قالغانىدى. سوراقخانىنىڭ ئىچى ھەم تىنجىق، ھەم ئىسسىق ئىدى. ئەمما، ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكىنىگە قارىماستىن، پاشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن يەنىلا باش ـ كۆزلىرىنى لۆڭگە بىلەن ئورىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئاشقازىنىمۇ قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى.

يەنە بىر قەپەستە، پېشقەدەم پروفېسسور ئىككى ئۇيغۇر ئەر بىلەن بىرگە قامالغانىدى. كېچىدە، پروفېسسور يەردىكى سېلىنچىدا ئۇخلايتتى. ياشراق ئىككى ئۇيغۇر بولسا تامغا كويزىلاپ قويۇلغان بولغاچقا، يېتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. كېيىنكى بىر نەچچە كۈندە، ئانار بۇ ئىككى ياشنىڭ پەقەت تاماق يېگەن ۋە ھاجەت قىلغان چاغدىلا، ئاندىن كويزىسىنىڭ ئېلىۋېتىلىدىغانلىقىنى بايقىدى.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

**داۋامى كېيىنكى ساندا**





# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن تارتىپ كۆنىمىزگە نۇرغۇن ئازغۇن ۋە ئاشقۇن پىكىر ئېقىملىرى مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىيىتى ياخشى، لېكىن قىلىقى ناچار بولغان پىرقىلەر، ئەسلىدىنلا قارا نىيىتى چىقىپ تۇرغان ھەر خىل مۇددىئادىكى پىرقىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقى دەۋردىكىلىرى ھەدىس ئىلمىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ھەر خىل يالغان ھەدىسلەرنى توقۇپ چىقىپ، ھەدىسلەرنىڭ ئېتىبارىنى ۋە ھۆرمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشتا يېتەرلىك«تۆھپە» كۆرسەتكەن بولسا، كېيىنچە ئوتتۇرىغا چىققانلىرى ھەدىس ئىلمى ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىقلار ۋە مالىمانچىلىقلارغا سەۋەبچى بولدى. ھەتتا ھەدىس ھەققىدە بىلىدىغان مەلۇماتلىرى خېلىلا يۈزەكى ياكى يوقنىڭ ئورنىدا بولغان كىشىلەر بۇلارنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ، مەلۇم دائىرىدە كۆلەم ھاسىل قىلىپ، بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قەدەر تەسىرىنى ۋە خاتا پىكىرلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشكە ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدىكى ئەڭ تىپىك ئىپادىسى ھەدىس ئىنكارچىلىقى بولۇپ، مەيلى ئەرەبلەردىن چىققان، ياكى تۈركلەردىن چىققان ۋە ياكى باشقا مىللەتلەردىن چىققان ھەدىس ئىنكارچىلىرى بولسۇن ھېچبىر تېگىشلىك سالاھىيەتلەرنى ھازىرلىماي تۇرۇپلا، ئۆز ئالدىغا دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا ھەدىسلەرنى باھالاپ ۋە ھۆكۈم قىلىپ، نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارغا سەۋەبچى بولغاندىن سىرت، ئىدىيىۋى ۋە ئىلمىي خاتالىقلارنى كۆپلەپ سادىر قىلماقتا. ھازىرقى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەربۇ نازۇك مەسىلىدە بىردىنلا قايمۇقۇپ قېلىش ۋە گاڭگىراش ھالىتىدە تۇرماقتا.

ئەمەلىيەتتە ھەدىسكە ھۆكۈم بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرىش مەسىلىسىدە، مۇھەددىسلەر ئارىسىدا مۇھىم شەرت قىلىنىغان جەرھ (تەنقىد ۋە تەپتىش ) ۋە تەئدىل ( بېكىتىش ۋە جەزىملەشتۈرۈش) ئۇسۇلى بەكمۇ كەسكىن بىر قورال ۋە بەكمۇ سەزگۈر بىر ئۆلچەم قاتارىدا قوبۇل قىلىنىغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇللارنىڭ سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن ھېچبىر نەرسە، ھېچبىر ھەدىس ۋە سەنەدلەر(رىۋايەت مەنبەلىرى) قالمىغان دېسەك تامامەن بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەدىسلەرنىڭ سەنەدلىرىدە رىۋايەت قىلغانلارنىڭ ھالى ۋە ۋەزىيەتلىرىگە ئائىت بولغان جەھەتلەردە خۇددى قىلنى قىرىققا بۆلگەندەك ئىنچىكە تەھلىللەر، تەتقىقاتلار بولغان. قۇرئاندىن كېيىن ئەڭ سەھىھ كىتاب دەپ قوبۇل قىلىنغان بۇخارى ۋە مۇسلىم ھەدىسلىرى ھەققىدىمۇ بۇ خىل تەتقىقات بولغان. ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس ئالغان سەكسەندىن ئارتۇق ئۇستازى ۋە مۇسلىمنىڭ 160 تىن ئارتۇق شەيخى ھەققىدىمۇ تەھلىللەر بولغان. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنىڭ ئېنىقلىنىشى ۋە تەھلىل، جەرھ ۋە تەئدىل ئىشلىرى ھىجرىيە ئۆتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان ۋە شۇ زاماندىلا تاماملانغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەھلىللەر ۋە ئىزدىنىشلەر پەقەتلا بۇرۇنقى تەتقىقاتلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان قىسمىدۇر. «ھەققە ئاشقلىق» ۋە «دىن مۇھەببىتى»

نامدىن قىلىنغان بۇ ۋەزىپىنى ئەھلى سۈننەت مۇھەددىسلىرىنىڭ ھەممىسى غەرەزسىز ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى تاشلاش شەكلىدە ئىنتايىن ئۆلچەملىك ۋە ئادىل شەكىلدە ئورۇندىغان. بىراق، مەسىلىنىڭ تامامەن ھەل قىلىنىشى ئانچە ئاسان ئىش بولمىغاچقا، ھەدىس ئىماملىرى ئارىسىدا ھەدىسلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئېنىقلاش مەسىلىسىدە بىر تۈركۈم ئىختىلاپلار (خىلمۇ ـ خىللىقلار) ئوتتۇرىغا چىققان. ھەدىس باھالىغۇچى كاتتا مۇھەددىسلەرنى ئۈچ ـ تۆتى بىر ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئىجتىھاد قىلىپ «زەئىپ» دېگەن بولسا، شۇ تىپتىكى مۆتىۋەر مۇھەددىسلەر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشتىن كېيىن، ئىجتىھاد نەتىجىسىدە ئالتە ـ يەتتىسى ئۇ ھەدىسكە «سەھىھ» ۋەياكى «ھەسەن» مەرتىۋىسىنى بەرگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. ئەپسۇسكى بۇ جەھەتتە بەزى بىر تەرەپلىمە قاراشتىكى، پىكرى مۇتەئەسسىپ، ھەمدە سالاھىيىتى كەمچىل بولغانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان.

ھەدىس ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس پىرىنسىپلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ھالدا ھەدىس ھەققىدە ئۆز خاھىشى بويىچە بىلجىرلاپ يۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە بۇ ھەقتە ئازراق ئەسلەتمە ۋە ئەسكەرتمەبېرىپ قويماي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاتمىش ـ يەتمىشكە يەتكەن مەنبە تۈرىدىكى ھەدىس كىتابلىرىدىكى بارلىق ھەدىسلەرنىڭ سەنەدلىرى ۋە رىۋايەت يوللىرى بويىچە ئۈچ خىل مەرتىۋىسى باردۇر. بۇلار سەھىھ ھەدىسلەر، ھەسەن ھەدىسلەر ۋە زەئىپ ھەدىسلەردۇر. بۇنى مۇھەددىس ئالىملار ئايرىم ئىزاھلايدۇ. بۇنى ھەركىم ئۆز ئالدىغا چۈشىنەلمەيدۇ. بىراق، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئەھلى بولمىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر كۆپلىگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە «بۇنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ» دەپ، ھەدىسنىڭ شەرىپىگە داغ تەككۈزۈشكە تىرىشقان ئەھۋاللارمۇ بولغان. بۈگۈن بىزدە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلە دەل شۇلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئەينەن قوراللىنىپ، ئوخشاش پىكىرنى بازارغا سالىدىغان، ئىسلامنى راۋۇرۇس ئىسلام ئالىمنىڭ ئەسىردىن ياكى ئاغزىدىن چۈشىنىشتىن ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلايدىغان، گېزى كەلسە سۈرە فاتىھەنىڭ بىر ئايىتىنىمۇ ئۆلچەملىك قىرائەت قىلالمايدىغان، سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىنى يوچۇق ئىزدەش غەرىزىدە مالتلاپ، ھەقتىن قۇسۇر تېپىشقا ھېرىسمەن قەلبى بۇزۇق كىشىلەردىن چىقىۋاتىدۇ. ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەرەب تىلىنىڭ رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىكى ئىستىمال مەنىسى بىلەن قوشۇپ مۇكەممەل ئىگىلىگەن، شۇنداقلا تەپسىرشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىق، فىقھى پىرىنسىپلىرى، فىقھشۇناسلىق، ئىسلام تارىخى... قاتارلىق پەنلەردە مۇشۇ پەنلەرنىڭ كەسىپ ئىگىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان سۆز ساھىبىدىن بىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەدىس ھەققىدە سۆزلەپ يۈرگەنلىرى تولىمۇ بىمەنە ۋە ساختىلىق، كۆز بويامچىلىق بىلەن تولغانكى، ئۇلارنىڭ ھالىنى بەئەينى داڭلىق دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئىنسان مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىمەن دەپ چېپىپ يۈرگەن مال دوختۇرىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەت ۋە تەتقىقاتلىرىدا ساھابىلەر شۇ قەدەر ئىنچىكىلىك كۆرسەتكەن. مەسىلەن: مەشھۇر ساھابە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ شامدىكى ئابدۇللاھ بىن ئەنەستىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مەدىنىدىن چىقىپ شامغا بارغان. ئەبۇ ئەييۇپ ئەنسارى مەدىنىدىن چىقىپ مىسىرغا بارغان ۋە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بارغان. ھەزرىتى ئەلى ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نەقىل قىلغۇچىنى قەسەم قىلدۇرۇشنى ئادەت قىلغان. كېيىنكى تابىئىن ۋە تەبە تابىئىنلار دەۋرىدىمۇ بۈيۈك ئۆلىمالار، تابىئىن دەۋرىدىكى ھەركىمدىن ھەدىس ئېلىۋەرمەسلىك پىكرىدە بولۇشقان. مەسىلەن، ئىمام مالىك

«مەن يەتمىش كىشىنى كۆردۈم، ھەربىرى ناھايىتى ئىشەنچلىك ۋە دۇرۇس ئىنسانلارئىدى. لېكىن ھەدىس نەقىل قىلىشتا ئەھلى (سالاھىيەتلىك) بولمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ھەدىسلىرىنى ئالمىدىم» دېگەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ ئادىل خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ ئىشقا ناھايىتى ئەستايىدىل قاراپ، ھەدىسلەرنىڭ ئازىيىپ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئالىملارنى تەيىنلىگەن. نەتىجىدە جىلد-جىلد ھەدىسلەر توپلانغان. كېيىنچە ھەدىسلەرنىڭ مەرتىۋە ۋە دەرىجە جەھەتتىكى تەتقىقاتىغا تۆپتىن كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، شۇ زاماندىكى مەشھۇر ھەدىسشۇناسلاردىن ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ناسائى، ئىمام ئىبنى ھىببان، ئىبنى ھۇزەيمە ۋە ئىبنى جارۇدقا ئوخشاش بۈيۈك مۇھەددىسلەر مەيدانغا چىققان.

ھەدىس ئىلمىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە مۆتىۋەر ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھارپىسىدىكى تارىخىي ۋەزىيەت:

(1) تۆت خەلىپە دەۋرى (632 ـ 661) ۋە ئۇمەييەلەر دەۋرى (661 ـ 750)

ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، بولۇپمۇ بىرىنچى ئەۋلاد سائادەتمەن مۇسۇلمانلار دەۋرىدە ھەدىسلەر ومۇميۈزلۈك توپلانمىغان. بەلكى بىر قىسىم ساھابىلەر «سەھىفە» نامىلىق ھەدىس رىسالىلىرىنى. يېزىش بىلەنلا چەكلەنگەن. شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىنكى ئىز باسار تۆت خەلىپە دەۋرىدە قۇرئان كەرىمنى بىر كىتاب قىلىپ توپلاپ ۋە تۈپلەپ چىقىش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەدىسلەرنى توپلاش، ئايرىش، تەكشۈرۈش، جەزملەشتۈرۈش ۋە تۈپلەپ چىقىشقا ئانچە ئېھتىياج چۈشمىگەن ئىدى. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەر ساھابىلەرنىڭ مەدىنىدىن باشقا جايدا ئولتۇراقلىشىپ ۋە يەرلىشىپ قېلىشىنى چەكلىگەن. شۇ ۋەجىدىن ھەدىسلەرنىڭ يوقاپ كېتىش ۋە ئۇنتۇلۇپ كېتىش ئەندىشىسى ئۇنچە كۈچلۈك بولمىغان. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە قۇرئان كەرىمنى بىلىدىغان قارىلارنىڭ كۆپلەپ قىرىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، قۇرئان كەرىمنى بىر پۈتۈن كىتاب قىلىپ توپلاپ چىقىش قانداق زۆرۈر بولغان بولسا، ھەدىسلەرنى توپلاپ چىقىشمۇ تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. ئىسلام تارىخىدا ھەدىسلەرنى توپلاشقا تۇنجى كۆڭۈل بۆلگەن خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر بىنى ئابدۇلئەزىز ئىدى. ئۇ تاغىسى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك دەۋرىدە مەدىنىگە ۋالىي بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى لەيلا خانىم ئەسلىدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئېسىل ئوغلى ئاسىمنىڭ قىزى بولۇپ، لەيلا خانىم ئۇمەييەلەر خەلىپە جەمەتىدىكى دۇرۇس ۋە ئالىيجاناب ئابدۇلئەزىزگە ياتلىق قىلىنغان ئىدى. بۇلاردىن بىر ئوغۇل تۇغۇلغان. ئۇلار ئۆز ئوغلىنى ئىككىنچى ئىز باسار خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىسمىنى قويغان ئىدى. ئۇ ئىلگىرى داڭلىق ساھابىلەردىن ئەنەس ئىبنى مالىك، سائىب ئىبنى يەزىد، يۇسۇپ ئىبنى ئابدۇللا، خەۋلە بىنتى ھەكىم قاتارلىقلار، تابىئىنلاردىن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ۋە رەبى قاتارلىقلاردىن بىۋاستە تەلىم ئالغاندى. كېيىنكى داڭلىق ھەدىس ئالىملىرىدىن ئەبۇ سەلەمە ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد زۇھرى، يەھيا ئەنسارى، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر قاتارلىق ئالىملار ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگەنگەن ئىدى. خەلىپە ئۆمەر ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئىز باسار تۆت خەلىپىنىڭ ئىزىدىن

ماگالىغاچقا، ئىسلام تارىخچىلىرى تەرىپىدىن بىردەك بەشىنچى ئىزباسار خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ئەڭ ئىشەنچلىك زات بولغان. ئۇندىن باشقا ئۇ ئۆلىمالارنى ھەدىس بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇ مەدىنىدىكى قازىسى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ھەزمگە :«پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى خاتىرىلەپ يېزىپ قويغىن. مەن ئۆلىمالار تۈگەپ كېتىپ، ئىلىمنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم» دەپ خەت يازغان. شۇنداقلا ئۇنىڭغا باشقا مۇھىم ئىككى ئالىمنىڭ بىلىدىغان ھەدىسلىرىنى يازدۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئالاھىدە جېكىلىگەن. خەلىپە ئۆمەر ھىجرىيە 99 ـ يىلى( مىلادى 717 ـ يىلى) خەلىپە بولغاندىن كېيىنلا دەرھال تەسىرى ئاستىدىكى بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ھەدىسلەرنى توپلاش توغرىلىق پەرمان چۈشۈرگەن. ئەينى چاغدا ھىجاز بىلەن شامنىڭ تونۇلغان مۇھەددىس ئالىمى ئىبنى شىھاب زۇھرى ئۆزى توپلىغان ھەدىس كىتابىنى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، ئىبنى شىھاب زۇھرىدىن باشلاپ ھەدىس شەرىپ توپلاملىرىنى تۈزۈش ئىشى بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە قانات يېيىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ھەدىس كىتابى تۈزگەنلەر : مەككىدە ئىبنى جۇرەيج، مەدىنىدە ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس، بەسرەدە ھەمماد ئىبنى سەلەمە، كۇفەدە سۇفيان سەۋرى، شامدا ئىمام ئەۋزائى، ۋاستتا ھۇشەيم، مىسىردا لەيس ئىبنى سەئىد، يەمەندە مەئمەر ۋە خۇراساندا ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك قاتارلىق ئالىملار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئەسىرنىڭ دەۋرداش ئادەملىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەدىسلەرنى جەملەپ ۋە توپلاپ كىتاب تۈزۈشتىكى ئورتاق ئۇسۇلى بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە تابىئىنلارنىڭ پەتىۋالىرى بىلەن ئارىلاش بايان قىلىش ئىدى. شۇڭلاشقا بىز ئۇمەييەلەر دەۋرى( 661 ـ 750) دىكى ھەدىس شەرىپلەرنى توپلاش، تەكشۈرۈپ ئايرىش ۋە تۈپلەش ئارقىلىق كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈش جەريانىنى تولۇق ۋە مۇكەممەل، پۇختا ۋە تەرتىپلىك، پۇختا ۋە سىپەتلىك دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. بۇ خىل مۇكەممەللىك ۋە ئۇنىۋېرساللىق يەنىلا كېيىنكى ئاббاسىيلار دەۋرىگە تەئەللۇقتۇر.

### (2) ئاббاسىيلار دەۋرى (750 ـ 1258)

مىلادى 750 ـ يىلى ئاббاسىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 744 ـ يىلدىن بۇيان ئىسلام دۇنياسىنىڭ داۋالغۇپ كەتكەن سىياسى ۋەزىيىتى كۆندىن ـ كۈنگە مۇقىملاشقان. بۇ چاغدا سۇلالە زېمىنى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپالارغىچە كېڭەيگەن ئىدى. ئاббاسىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى 100 يىلدەك مەزگىلىدە (مىلادىيە 750 ـ يىلدىن 842 ـ يىلغىچە)، بولۇپمۇ خەلىپە ھارۇن رەشىد (مىلادىيە 786 ـ يىلدىن 809 ـ يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) ۋە خەلىپە مەئمۇن (مىلادىيە 813 ـ يىلدىن 833 ـ يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە دۇنياۋى خاراكتېرلىك گۈللىنىش مەيدانغا كەلگەن. تەرەققىيپەرۋەر خەلىپىلەر شۇنچە كەڭ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ۋە دىن تارقىتىشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، بۇ ئىشنى يۇنان، پارس، ھىندىستان، رىم قاتارلىق ئەينى چاغدىكى مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ قەدىمىي

ئىلىم-پەن مىراسلىرىنى يىغىپ ۋە رەتلەپ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئۈيۈشتۈرۈش بىلەن باشلىغان.

ئۇمەييەلەر خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە باشلانغان ھەدىس - شەرىپلەرنى توپلاش ۋە تۈپلەش خىزمىتىمۇ بىرخىل رىتىمدا داۋام قىلىپ يۈرۈپ، ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، يەنى ئابباسىيلار دەۋرىدە گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ھىجاز بىلەن ئىراق ھەدىسلەر ئەڭ كۈچلۈك راۋاجلانغان جايلار بولسا، ئۇزاق ئۆتمەيلا شەرقتە بۇخارا ۋە سەمەرقەندلەر، غەرب تەرەپتە قەيرىۋان ۋە قورتۇبەلەر ھەدىس شەرىپ رىۋايەت قىلىشنىڭ مەركىزىي جايلىرىغا ئايلانغان.

874 - يىلى ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە ئابباسىيلارغا قاراشلىق سامانىلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمىر ئىسمائىل ئەھمەد ۋە نەۋرىسى ناسىرنىڭ كۈچىشى بىلەن سەمەرقەند ۋە بۇخارا دىنىي ئىلىم - مەرىپەت ئوچىقىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ بۇ ئىككى شەھەر ھەدىس بىلىملىرى ئۆچۈن مەركىزىي ئورۇنلارغا ئايلىنىپ قالغان. بىراق، 943- يىلى مەزكۇر خانلىق ئېغىر دەرىجىدە مالىمانچىلىققا پېتىپ، خەلق بۇخارا خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويغاندىن كېيىن، ناسىر ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى مەرىپەت ماكانى بۇخارا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىكى ئەزىزانە قەشقەرگە ئورۇن بوشاتتى. بۇ ھالەت تاكى 1043 -يىلى غەربىي ئىلىكخان ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخان بۇخارانى قايتىدىن ئىلىم - مەرىپەت ئوچىقىغا ئايلاندۇرغىچە داۋام قىلدى. كېيىنچە، 1212 - يىلىدىكى نايمان خانزادىسى كۈچلۈكنىڭ قەشقەرنى خاراب قىلىشى، 1221 - يىلى باھاردا چىڭگىزخاننىڭ مەشھۇر بۇخارانى خانىۋەيران قىلىشى بىلەن باشلانغان قىسمەتلەر سەۋەبىدىن مەزكۇر ئىككى مەرىپەت ئوچىقى ھازىرغىچە تولۇق ئەسلىگە كېلەلىگىنى يوق. ئىلگىرى كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار ساھابىلەر تابىئىنلاردىن بولغان زاتلار بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە ھەدىس ئىلمى ۋە ھەدىسشۇناسلىق يۇقىرىقى جايلاردىن يېتىشىپ چىققان ھەدىس پېشۋالىرىغا مەركەزلەشكەن. بىز كېيىنكى ساندا تارىخىي تەرتىپ بويىچە مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ھەدىس كىتابلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ھازىرغىچە ئەڭ مۆتىۋەر ۋە مۇكەممەل دەپ قارىلىۋاتقان ۋە تۆرلۈك ھەدىسلەرنىڭ ئانا مەنبەسىگە ئايلانغان گىگانت ھەدىس كىتابلىرى بىلەن ئاپتورلىرى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىشكە تىرىشىمىز.

ئىزاھاتلار:

1. ئۇمەييەلەر سۇلالىسى:

661 - يىلىنىڭ بېشىدا ھەزرىتى ئەلى كۇفە مەسچىتىدە شېھىت قىلىنىپ، يېڭى خەلىپە بولغان ئوغلى ئىمام ھەسەن ئالتە ئايدىن كېيىن ھەزرىتى مۇئاۋىيەنى چاقىرىپ، خەلىپىلىكنى ئۇنىڭغا شەرتلىك ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇمەييەلەر سۇلالىسىغا ئاساس سېلىنغان. بۇرۇنقى قۇرەيش ئاقساقىلى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئوغلى، مەشھۇر ساھابە مۇئاۋىيە ئۇمەييە جەمەتىدىن بولغاچقا، ئۇ ئاساس سالغان سەلتەنەت ئۇمەييەلەر سۇلالىسى دەپ ئاتالغان. ئۇ 680 - يىلى ۋاپات بولغان. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىلگىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى

ئەلنىڭ خەلىپىلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىشەنچىگە ئېرىشكەن، ھۆرمەت ـ پەزىلەتلىك، تەقۋادار، ئادىل ئالىم ـ ئۆلىما ۋە قوماندانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن قانۇنىيلاشقان بولسىمۇ، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكنىڭ مۆتىۋەر مۇسۇلمان باشچىلارنىڭ باش قوشۇشى بىلەن تەيىنلىنىشتەك ساغلام پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈشتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى يەزىدنى مۇسۇلمان تۇپراقلىرىنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئىدارە قىلالايدىغان ئىشەنچلىك نامزات دەپ قاراپ، ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ يۇرت چوڭلىرىنى نىسپىي شەكىلدە قايىل قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇنى خەلىپىكتە ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ بېكىتتى. يەزىدىن خەلىپىلىك تەختىدە ئۈچ يىل ئولتۇرۇپ 683 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئاقىۋەت ئۆمەييەلەرسۇلالىسى غايەت زور مالىمانچىلىققا پاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆمەييەلەرگە ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمىدى. نەتىجىدە ۋەزىر مەرۋان ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئوغلى بىلەن قىسقىلا 2 يىل ئىچىدە ئوتتۇرا شەرقنى قايتا بىرلىككە كەلتۈردى. 685 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېل بارلىق شام ئەھلى ئاشۇ مەرۋاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇمىلىككە بەيئەت قىلغان. ئاغرىق مەرۋاننى شۇ يىلى 7 ـ ماي خاتىرجەم كۆزيۇمغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ 5 ـ چوڭ خەلىپىسى بولۇپ قالغان. نەتىجىدە ئۆمەييەلەر خەلىپىلىرى مەرۋان ئۆرۈقىدىن داۋاملاشتى. ئابدۇلمەلىكمۇ 705 ـ يىلى ۋاپات بولغىچە ئۆمەييەلەرنىڭ سەلتەنىتىنى قايتىدىن يۈكسەلدۈرۈپ، گۈللىنىش مەنزىرىسى پەيدا قىلدى. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاۋام يەنىلا ئىزچىل ئۆۋالچىلىقتا ئۆچراپ كەلگەن ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى ئاbbas جەمەتىنى قوللاشقا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، 750 ـ يىلى ئۆمەييەلەر سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، ئاbbasىيلار ( 750 ـ 1258 ) سەلتەنىتى تىكلەندى. 751 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇلدىن 2 ـ ئاۋغۇستقىچە داۋام قىلغان مەشھۇر تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەرنىڭ يۈز يىللىق ئاداۋىتى يۇيۇلۇپ، تۈركلەرنىڭ ئىسلاملىششىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

2. ئاbbasىيلار سۇلالىسى خەلىپىلىكى:

ئاbbasىيلار ئىنقىلابى مىلادىيە 747 ـ يىلى باھاردا ھازىرقى خۇراساندىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئەرەب ئۆمەييەلەر سۇلالىسى خەلىپىلىكىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. شۇ يىلى 9 ـ ئىيۇن ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانى ئۆمەييەلەرگە قارشى ئوچۇق ئاشكارا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ ناھايىتى تېزلا خۇراساندىن ھالقىپ، پۈتۈن شەرقىي قىسىم ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىدى. مەزكۇر ئىنقىلابنىڭ مەنىۋى رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇل ئاbbas ساففاھ مىلادىيە 749 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھەتتا ئۆمەييەلەر ئاغدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كۇفە مەسچىتىدە خەلىپە دەپ ئېتىراپ قىلىندى. ئىككى ئايدىن كېيىن ، يەنى 750 ـ يىلى 25 ـ يانۋار ھەر ئىككى قوشۇن بۈيۈك زاب دەرياسى قىرغىقىدا (ھازىرقى ئىراقنىڭ شىمالى) دا ئۇچراشتى. ئۇرۇشتا ئەبۇ مۇسلىم خۇراسانى ئۆمەييەلەرنىڭ ئەڭ سەرخىل 120 مىڭ ئارمىيىسىنى بىتچىت قىلدى. ئەڭ ئاخىرقى ئۆمەييە ھۆكۈمدارى مەرۋان II مەغلۇب بولۇپ، قوشۇنى ئاbbasىيلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. مەرۋان II ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سۇرىيە ئارقىلىق جەنۇبقا قېچىپ، ھېچبىر يەردە پاناھلىق تاپالماي، مىسىرغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 750 ـ يىلى 25 ـ يانۋاردىكى مەزكۇر ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ئاbbasىيلارنىڭ ئىراقتىكى ۋە غەربتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسا، 751 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇلدىكى تالاس ئۇرۇشى مەركىزىي ئاسىيادىكى تەسىرىنى زورايتقان. تولىمۇ ئەپسۇس، ئاكىسى ساففاھ ئورنىغا چىققان مەنسۇر دۆلەت ئاتىسى ئەبۇ مۇسلىم

خۇراساننىڭ كۈنسايىن ئېشىپ كېتىۋاتقان ئىناۋىتىدىن قورقۇپ، سۈيقەست بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابباسىيلارنىڭ قىرىق يىللىق داۋالغۇش دەۋرى باشلانغان. 793 ـ يىلدىن 844 ـ يىلغىچە تۈركلەرنىڭ ياردىمىدە قايتا قۇدرەت تاپقان ئاباسىيلار، 845 ـ يىلدىن 945 ـ يىلغىچە يەنە خاراب بولدى. 945 ـ يىلدىن 1055 ـ يىلغىچە شىئە مەزھىپىدىكى بۇۋەيھىلەر خانلىقىنىڭ قورچاق خەلىپىلىكىگە ئايلىنىپ قالدى. 1055 ـ يىلدىن 1155 ـ يىلغىچە سالجۇقلار ھامىيلىقىدا داۋام قىلدى. براق 1158 ـ يىلدىن 1258 ـ يىلغىچە يەنە خارابلىشىپ كەتتى. ئاقىۋەت موڭغۇللار بۇ لىڭشىپ قالغان سۇلالىنى تۈپتىن يوقىتىۋەتتى. 1243 ـ يىلى 26 ـ ئىيۇن بۇرۇنقى ئاناتولىيە سالجۇقلىرىنى جەڭدە مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىگە بېقىندى قىلىۋالغان ھالاكۇ ئاكىسى مۆڭكۈخانغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن 1252 ـ يىلى ئوتتۇرا شەرقتىن ۋاقىتلىق چېكىندى. براق ئاباسىيلار خەلىپىلىكى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ ئالتۇن پۇرستىنى كەتكۈزۈپ قويدى. گەرچە ھالاكۇخان تاغىسى باتۇخاننىڭ توسۇشى بىلەن ئۈچ يىلدەك ئىسلام دۇنياسىغا چېقىلالمىغان بولسىمۇ، 1255 ـ يىلى باتۇخان ئۆلگەندىن كېيىن، ھالاكۇخان ئاكىسى مۆڭكۈخاننىڭ قوللىشى بىلەن قايتىدىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەربىگە ( يەنى ئوتتۇرا شەرققە ) باستۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن 1256 ـ يىلى 16 ـ دېكابىر ئىسلام دۇنياسىغا 166 يىل ۋەھىمە سالغان مەشھۇر ئالاموت قەلئەسىنى تۈزلىۋەتتى. ئاندىن 1257 ـ يىلى ئاباسىيلارغا ياردەم بېرەلەيدىغان بارچە كۈچلەرنى تولۇق بېقىندۇردى. 1257 ـ يىلى دېكابىردا ھالاكۇخان پايتەخت باغداتقا ئومۇميۈزلۈك قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 1258 ـ يىلى 29 ـ 30 ـ يانۋار كۈنلىرى موڭغۇللار ئاخىرى باغداتنى تولۇق قورشىۋالدى. ئاقىۋەت خەلىپە تەسلىم بولدى. شۇنداق قىلىپ 1258 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال ئىسلام دۇنياسىدا 505 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، 750 ـ يىلى 22 ـ يانۋاردا ئاباسىيلار سۇلالىسى ( 1258 ـ 750 ) موڭغۇللار قولىدا مۇنقەرز بولدى.

3. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز:

682 ـ يىلى 2 ـ نويابىر پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆت ئىز باسار خەلىپىسى بىلەن بىر قاتارغا تىزىلىپ «5 ـ ئادىل خەلىپە» دەپ شۆھرەت تاپقان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تۇغۇلغان. مەزكۇر كىشى ئەسلىدە 717 ـ يىلى 22 ـ سېنتەبىر ۋاپات بولغان خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك ( 717 ـ 674 ) نىڭ ۋەلىئەھدىسى ۋە ئىزباسارى ئىدى. ئۈچ يىلغىمۇ توشمايدىغان قىسقىغىنە مۇددەتتە، ئۈچ قىتئەگە سوزۇلغان غايەت زور خەلىپىلىك تەۋەسىدە بىرمۇ چىرىك ۋە خىيانەتچى ئەمەلدارنى قويماي تازىلاپ، ئارقىدىنلا ھەججاجدەك كالالا كېسەر زالىم ھەربىي قوماندانلارنى ئىشتىن بوشىتىپ ھەپسىگە ئالغان. شۇنداق قىلىپ خەلىپە ئۆمەر ئەرەبلەرنىڭ تارىخىدا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇنىۋېرسال گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتقان. براق ئۇنى كۆرەلمىگەن ھەسەتخورلار ئۇنىڭغا قەست قىلىپ، بىر قۇل ئارقىلىق يېگەن تامىقىغا زەھەر سېلىۋەتكەن. ئاقىۋەت 20 كۈندەك جان تالىشىپ قىينالغان خەلىپە ئۆمەر 720 ـ يىلى 4 ـ فېۋرال جان ئۈزگەن . ئورنىغا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى خەلىپە سۇلايماننىڭ ئىنىسى يەزىد خەلىپە بولغان. ئۇمۇ 724 ـ يىلى ئاغرىپ قازا قىلغاندىن كېيىن ، ئورنىغا ئۇنىڭ قېرىندىشى ھىشام چىققان. ھىشام دەۋرىدە (724ـ743) ئۇمەييەلەر سۇلالىسى (750 ـ 661) تارىختىكى ئەڭ گۈللەنگەن ۋە كۈچەيگەن باسقۇچقا كىرگەن.

**4. ئىبنى شىهاب زۆھرى:**

بۇ ئالىمنىڭ ئىسمى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم بولۇپ، زۆھرى، ئىبنى شىھاب، ئىبنى شىھاب زۆھرى قاتارلىق ناملار بىلەن مەشھۇر. ئۇ 673 ـ يىلى مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، 742 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇل دەبا دېگەن يەردە ۋاپات بولغان. مېيتى ھىجاز بىلەن پەلەستىننى ئايرىپ تۇرىدىغان شەغەب دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. ئۇ ئۆمرىدە ساھابىلەردىن ئەنەس ئىبنى مالىك، سەھل ئىبنى سەئىد، سائىب ئىبنى يەزىد، مەھمۇد ئىبنى رەبى ۋە ئەبۇ تۇفەيل قاتارلىق ساھابىلەردىن ۋە تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئىبنى شىھاب زۆھرى تابىئىن ۋە تەبئى تابىئىنلار قاتارىدىن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە ھەدىس ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى چوڭقۇرلۇقىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى پېشۋالىقىنى ئۇنىڭ زاماندىشى ئالىملىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. ئەمىر ئىبنى دىنار «ھەدىس ئىلمىدا زۆھرىدىن پۇختا ئادەمنى كۆرمىدىم» دېگەن. دەرۋەقە ئىمام زۆھرىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولۇپ، ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە يازغان تارىخ كىتابىدا:«زۆھرى قۇرئان كەرىمنى 80 كۈندىلا يادلاپ بولغان» دەپ تەرىپلىگەن. زۆھرى ئۆزىمۇ:«يادقا ئالغان نەرسىلىرىمنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق» دېگەن. خەلىپە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك بالىسىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھەدىس يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. زۆھرى ئۇنىڭغا 400 ھەدىس يېزىپ بەرگەن. بىر ئايدىن كېيىن ھىشام زۆھرىگە ئۇنىڭ يېزىپ بەرگەنلىرىنى يوقىتىۋېتىپ قويغانلىقىنى ئېيتقاندا، زۆھرى بىر كاتىپنى چاقىرىپ بۇرۇن يېزىپ بەرگەنلىرىنى بىر ھەرپمۇ قالدۇرماي يادىدا ئېيتىپ بەرگەن. ھەدىسشۇناسلىق ساھەسىدە ئىبنى شىھاب زۆھرى «ئەمىرۇل مۇئمىنىن فىل ھەدىس ( يەنى ئىلمىنىڭ پېشۋاسى)» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان.

**5. سامانىلار خانلىقى:**

بىلگە قادىرخان زامانىدا، يەنى 874 ـ يىلى ھازىرقى ئۆزبېكىستاندا سامانىلار خانلىقى قۇرۇلۇپ، ئاbباسىيلار خەلىپىسى تەرىپىدىن «ئەمىر» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. سامانىلار ئەسلىدە بەھرام گۇرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەسەد سامانىنىڭ باللىرى بولۇپ، خۇراساندىكى تۇنجى پارس ئىسلام خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى تاھىر ئەڭ يېقىن سەركەردىسى ئەسەدنىڭ تۆت ئوغلىنى، پەرغانە، سەمەرقەند، بۇخارا ۋە ھىراتنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. كېيىنچە پەرغانىدىكى ئەھمەدنىڭ كۈچى زورىيىپ، 824 ـ يىلدىن 865 ـ يىلى ئۆلگىچە خانلىق ئاساس تىكلىۋالغان. 824ـ يىلدىن 865 ـ يىلى ئۆلگىچە خانلىق ئاساس تىكلىۋالغان. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ناسىر 874 ـ يىلى خەلىپىنىڭ قوللىشىدا خانلىق قۇرۇپ ، كۈمۈش پۇل بېسىپ چىقارغان. ئەمما ئۇنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتى بىلگە قادىرخاننىڭ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، ئۇ قاراخان بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. خەلىپە سامانىلارنىڭ قولى ئارقىلىق شەرقتىكى تاھىرىلار ۋە ساففارىلارغا ئوخشاش خەتەرلىك قارام ئەللەرنى تىزگىنلەپ تۇرغان. 888ـ يىلى بۇخارادىكى ئىنىسى ئىسمائىل ئاكىسى ناسىرنى مەغلۇپ قىلىپ، سامانىلار شاھى بولىۋالغان. 893 ـ يىلى ئاپرىلدا ئۇ قاراخانىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق بۇغراخاننى قوشۇمچە پايتەخت تالاسنى تاشلاپ قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان. ئاردىن دەل ئەللىك يىل ئۆتكەندە، يەنى 943 ـ يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تالاسنى قايتۇرۇۋالغان. ئىككى ئەل ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلگەن. يەنە

ئەللىك يىل ئۆتۈپ، بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى هارۇن بۇغراخان 993 ـ يىلى سامانىلارنى مۇنقەرزقىلغان. بىراق هارۇن بۇغراخان 997 ـ يىلى ۋاپات بولغاندا، سامانىلار قايتا تىرىلگەن. شۇنداقتىمۇ 999 ـ يىلى24 ـ ئۆكتەبىر قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانلىرى بولغان ئىلىك ناسىرخان ۋە ئەلى تېكىن بۇخاراغا تەكبىر توۋلىغىنىچە زەپەر قۇچۇپ كىرگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ تاكى 1212 ـ يىلى يازدا خارازىم شاهى ئالائىددىن مۇهەممەد سەمەرقەندنى ئىگىلىگەنگە قەدەر بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان سامانىلار تەۋەسى ئىزچىل قاراخانىلارنىڭ قولىدا ئىدارە قىلىنغان.

## 6. قاراخانىلار قاغانلىقى:

قاراخانىلار ئەسلىدە 744 ـ يىلى ئەتىيازدا هازىرقى ئۆتۈكەندە قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شۆهرىتى بۇرۇنقى بۇيۇك كۆكتۈرك قاغانلىقى ( ـ 552 582) ، كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقى (744 ـ 679) ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن (744 ـ 840) ئېشىپ كەتكەن . ئۇنىڭ ئۆمرىمۇ يۇقىرىقى بارلىق خاقانلىقلارنىڭ ئۆمرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. قاراخانىلار دەسلەپتە ئاددىي بىرخانلىق دەرىجىسىدە بولۇپ، بىلگە قادىرخاننىڭ زور تىرىشچانلىقىدا ئوتتۇز يىل ئىچىدىلا 120 يىللىق قارلۇق خانلىقىدىن ( 876 ـ 756) ئېشىپ كېتىپ، 878 ـ يىلدىن باشلاپ قارلۇقلارغا « يابغۇ » نامىنى بېرىپ، قاراخانىلار خاقانلىقىغا ئايلانغان . « يابغۇ ( ۋەزىر )» نامىنى ئەسلىدە قارلۇقلارغا 823 ـ يىلى ئىلى ـ ئىسسىقكۆل ۋە تالاس ۋادىسىنى قايتا بويسۇندۇرغان ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى بەرگەن ئىدى. ئوغۇزلارمۇ 755 ـ يىلدىن تاكى 1055 ـ يىلغىچە ئۆزىنى «ئوغۇز يابغۇلۇقى» دەپ ئاتىيالىغان . پەقەت قاراخانىلارلا «قاغان» ئۇنۋانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇرۇنقى تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ۋارىسى بولغان. هەتتا ئوغۇزلارمۇ 956 ـ يىلدىن 998 ـ يىلغىچە بىر مەزگىل قاراخانىلارغا بېقىنىپ ياشىغان. قاغانلىق 930 ـ 920 ـ يىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىپ، قاغان نامى ئورنىغا ئەرەبچە سۇلتان ياكى خاقان نامىنى قوبۇل قىلغان. ئۇندىن باشقا ئاباباسىيلار خەلىپىلىرى ئىنئام قىلغان هەر خىل مەرتىۋە ناملارنى قوبۇل قىلىپ، شۇ نامدا تەڭگە ـ تىللا قۇيدۇرغان. كېيىنچە بىر پۈتۈن قاراخانىلار قاغانلىقى قەشقەر ۋە سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەرنى مەركەز قىلغان چوڭ خاقانلىق 1212 ـ يىلى قارا خىتاي تەختىنى ئىگىلىۋالغان كۈچلۈك تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسمى ئۈرگەنچنى مەركەز قىلغان خارەزمشاه ئالائىددىن مۇهەممەد تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

## پايدىلانغان ئاساسلىق مەنبەلەر:


1 . أضواء على تاريخ توران ( تركستان ) . محمد جمال . الناشر : رابطة العالم الإسلامي . المكة المكرمة . ١٩٧٩م / ١٣٩٩هـ للسيد عبد المؤمن السيد أكرم . والمقدم الأستاذ أحمد

2 . التاريخ الكبير، ئىمام بۇخارى، 3 ـ توم 58ـ بەت، 7 ـ توم 122 ـ بەتلەر

3 . أُسْد الغابة في معرفة الصحابة. لعز الدين أبي الحسن الجزري الموصلي (555-630 هـ) المعروفبابن الأثير الجزري (1160 - 1233).

4 . تاريخ الإسلام (ئىسلام تارىخى)، ئىمام زەھەبى، 1990 ـ يىل نەشرى

5 . الإصابة في تمييز الصحابة للحافظ ابن حجر العسقلاني. ئەرەبچە نەشرى، 7 ـ توم

6 . الوافي في الوفيات للعلامة صلاح الدين خليل بن ايبك الصفدي. الناشر : جمعية المستشرقين الألمانية،اسطنبول، مطبعة الدولة عام ١٩٣١

7 . رىسالەئى نۇرنىڭ مۇقەددەس مەنبەلىرى، ئابدۇقادىر بېدىللى.

8 . پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى زور ئىشلار يىلنامىسى

9 . ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى

10 . سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى، دوكتور مۇستاپا سىبائى، 2019 ـ يىل، 9 ـ نەشرى، سالام نەشرىياتى

11 . ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان، مۇھەممەد سالىھ دامولل اھاجىم، ختاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، ئومۇمىي 75 ـ سان

12 . كۇۋەيت فىقھى ئىنسكلوپېدىيىسى

13 . تركستان ماضيها وحاضرها اسم المؤلف : د. نصر الله مبشر الطرازى الناشر: مكتبة الاداب. تاريخ الإصدار : ٢٠١٠ عدد الصفحات : ٤٧٠ .

2021 ـ يىلى، 26 ـ ئىيۇن، شەنبە



# خىتاي - ئاۋسترالىيە، يېڭى زېلاندىيە مۇناسىۋەتلىرىدىكى يېڭى يۈزلىنىش

# خىتاي، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە مۇناسىۋەتلىرىدىكى يېڭى يۈزلىنىش

«بەش كۆز ئىتتىپاقى» (The Five Eyes) ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەدىن ئىبارەت ئىنگلىز تىللىق بەش دېموكراتىك دۆلەت ئارىسىدىكى ئىستىخباراتتىن تەڭ بەھرىلىنىش ئىتتىپاقىدۇر. ئۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى نازارەت قىلىش ۋە مەخپىي ئىستىخباراتتىن ئورتاق بەھرىلىنىش مېخانىزمى بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. دۇنيادىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىستىخبارات ئىتتىپاقى دەپ تەسۋىرلىنىدىغان مەزكۇر قۇرۇلما يېقىندا بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى.

مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ تۆت ئەزاسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئەيىبلىدى. شۇنداقلا، يەنە خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى بېسىۋالغانلىقى، خوڭكوڭدا دېموكراتىيەنى باستۇرغانلىقى ۋە خىتاينىڭ 2049 ـ يىلغىچە «قايتۇرۇۋالىمىز» دەپ جار سالغان تەيۋەنگە قاراتقان تەھدىتكار ھەرىكەتلىرى قاتارلىقلارغا بولغان ئەندىشىسىنى بىلدۈردى. ئەمما، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر دۆلەت، يەنى يېڭى زېلاندىيە خىتاي بىلەن قارشىلاشماسلىق يولىنى تاللىۋالدى.

كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بىر دۆلەت بولمىش يېڭى زېلاندىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى نانايا ماھۇتانىڭ (Nanaia Mahuta) غەربنىڭ بېيجىڭنى ئەيىبلىشىگە ئاۋاز قوشۇشنى رەت قىلىپ، يېڭى زېلاندىيەنىڭ بۇ رەۋىشتە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىتتىپاقنىڭ رولىنى كېڭەيتىۋېتىشتىن «بىئاراملىق ھېس قىلغان»لىقىنى بىلدۈرۈشى كىشىنى ھەيران قالدۇردى.

گەرچە يېڭى زېلاندىيەنىڭ باش مىنىستىرى جاسىندا ئاردېرن (Jacinda Ardern) خىتاي بىلەن بولغان ئىختىلاپلارنى «ياراشتۇرۇشنىڭ بارغانسېرى تەسلىشىۋاتقان»لىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۆلەت يەنىلا بېيجىڭ بىلەن بولغان قوش تەرەپلىك مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولغان مايىللىقىنى بىلدۈردى.

يېڭى زېلاندىيەنىڭ خىتايغا قاراتقان تۇتۇمىدىكى بۇ پەرق ھەممىدىن بەك ئۇنىڭ يېقىن قوشنىسى ئاۋستىرالىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارالدى. شۇنداقلا، يېڭى زېلاندىيە سودا مىنىستىرى بۇ يىل بىرىنچى ئايدا ئاۋستىرالىيەنىڭ يېڭى زېلاندىيەنى ئۈلگە قىلىپ، بېيجىڭ بىلەن بولغان مۇئامىلىدە، خىتايغا «ھۆرمەت» كۆرسىتىش ۋە «تېخىمۇ كۆپ دىپلوماتىك ئۇسۇللارنى قوللىنىش» كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ ئېغىرلاشقانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزلەرنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى.

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرىمۇ ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىككى قوشنا ۋە ئىتتىپاقداش ئوتتۇرىسىدا يىرىكچىلىك كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقى ھەققىدە قاتتىق داۋراڭ سېلىپ ئۈلگۈردى، ئەلۋەتتە.

ئاۋستralيه باش مىنىستىرى سكوت موررىسون (Scott Morrison) بۇ ھەقتە «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيانىدىكى ۋەزىيەت بارغانسېرى كۆچىيىۋاتقان پەيتتە، بېيجىڭ ئاۋستralيە بىلەن يېڭى زېلاندىيە ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، ئاۋستralيە بىلەن يېڭى زېلاندىيە ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە قىممەت قاراشلىرىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. ئەمما، ئاۋستralيە ۋە يېڭى زېلاندىيە ئارىسىدا مەۋجۇت بولمىغان پەرقلىق نۇقتىلارنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ئويلايدىغانلارنىڭ بارلىقىدا شەك يوق» دېدى.

ئۇنداقتا، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى زادى قانداق؟

خىتاي يېڭى زېلاندىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ئېكسپورت بازىرى بولۇپ، يېڭى زېلاندىيە ئۆز ئېكسپورتىنىڭ تەخمىنەن 30 پىرسەنتىدە، ئاساسلىقى سۈت مەھسۇلاتلىرىدا خىتايغا تايىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاۋستralيەنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىمۇ يېڭى زېلاندىيەنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، ئەمما بۇ ئىككى قوشنا خىتاينىڭ سىياسىتىگە تامامەن باشقىچە نەزەردە قاراپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردا گېئوپولىتىك تالاش ـ تارتىشلار ۋە خىتاينىڭ ئاۋستralيە سىياسىتىگە ئارىلاشقانلىقى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەر سەۋەبىدىن كانبېررا بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆچىيىپ كەتتى. ئاۋستralيەنىڭ 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇنجى بولۇپ خىتايدا پەيدا بولغان تاجىسىمان ۋىرۇسنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا يەرشارى خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش چاقىرىقى بۇ مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇپ، خىتاينىڭ ئاۋستralيەدىن كىرگۈزۈلىدىغان ئۈزۈم ھارىقى، ئارپا ۋە كۆمۈر قاتارلىق نۇرغۇن ئېكسپورت بۇيۇملىرىدىن ئومۇميۈزلۈك تاموژنا بېجى ئېلىشى بىلەن نەتىجىلەندى.

ئاۋستralيە فېدېرال ھۆكۈمىتىمۇ خىتاينىڭ «بىر بەلۋاغ بىر يول» تەشەببۇسىنىڭ بىر قىسمى بولغان ۋىكتورىيە شتاتىغا زور مەبلەغ سېلىشنى رەت قىلدى.

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۇرۇشىنىڭ كۆلىمى كەسكىنلەشىشكە ئەگىشىپ، بۇ يىلنىڭ بىرىنچى پەسلىدە ئاۋستralيەنىڭ خىتايغا بولغان ئۈزۈم ھارىقى ئېكسپورتى 2020 ـ يىلى بىرىنچى پەسلىدىكىدىن 96 پىرسەنت تۆۋەنلەپ، 325 مىليون ئاۋستralيە دوللىرىدىن (181 مىليون فوندستېرلىڭ) دىن ئاران 12 مىليون ئاۋستralيە دوللىرىغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ ئەكسىدە، يېڭى زېلاندىيە بولسا بېيجىڭ تەرىپىدىن «تېخىمۇ قويۇق سودا مۇناسىۋىتى» بىلەن تارتۇقلاندى.

ھالبۇكى، يېڭى زېلاندىيە باش مىنىستىرى جاسىندا ئاردېرن يېقىن ئىتتىپاقدىشى ئاۋستralيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ خىتاينىڭ سەلبىي تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئاردېرن يەنە ئاۋستralيە باش مىنىستىرى سكوت موررىسون بىلەن ئۆتكۈزگەن يىللىق سۆھبىتىدە، سودا، بىخەتەرلىك ۋە 19 ـ COVID ۋاباسىغا مۇناسىۋەتلىك خىرىسلارنى مۇزاكىرە قىلدى.

يېقىندا يېڭى زېلاندىيەدە ئۇچراشقان جاكىندا ئاردېرن بىلەن سكوت موررىسون مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ ختايغا قاراتقان تۇتۇمى سەۋەبلىك، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بۆلۈنۈش كۆرۈنگەنلىكىنى دەلىللەيدىغان بىرەر ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىللىق سۆھبەتتىن كېيىن، ئاردېرن ئۆزىنىڭ قارشى قىرغاقتىكى بۇ قوشنىسى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ شۇنداق دېدى: «بۈگۈن مۇزاكىرىمىزنىڭ ھېچبىر يېرىدە، مەن بىزنىڭ سودىنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى چۆرىدىگەن مەسىلىلەردە ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە پرىنسىپال كۆز قاراشنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى نىسپىي پوزىتسىيىمىزدە ھەرقانداق پەرق بارلىقىنى بايقىمىدىم، شۇنداقلا سىلەر ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيەنىڭ بۇ مەسىلىلەردە ئىزچىل ھالدا ئوخشاش مەۋقەدە تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بايقايسىلەر. شۇڭا، مەن بىزنى مەزكۇر پەۋقۇلئاددە مۇھىم مەسىلىلەردە كۈچلۈك پوزىتسىيە بىلدۈرمەيۋاتىدۇ دېگەن ھەر قانداق قاراشقا ھەققەتەن قارشى».

ئاردېرن بىلەن موررىسون بىرلەشمە باياناتىدا ختاينى خوڭكوڭدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشقا چاقىردى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى تۇتقۇن قىلىش قىلمىشىنى تەنقىد قىلدى.

يېڭى زېلاندىيە يەنە ئاۋستىرالىيەنىڭ ختاي بىلەن بولغان سودا ئىختىلاپىدا ئاۋستىرالىيەنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ختاي بۇنىڭغا جاۋابەن ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە رەھبەرلىرىنىڭ ختاينىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرىسىدا «مەسئۇلىيەتسىز سۆزلەر»نى قىلغانلىقىنى ۋە بېيجىڭنى ئاساسسىز ئەيىبلىگەنلىكىنى ئېيتتى.

بەزى تەھلىلچىلەر بۇ ھەقتە: «روشەنكى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى كىشىلەرنىڭ <ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيەنىڭ كۈنسېرى قەد كۆتۈرۈۋاتقان ختايغا بولغان كۆز قارىشىدا زور پەرق بار> دېگەن قارىشىنى كۈچەيتىۋېتىشتىن ساقلىنىشقا ئۇرۇندى» دېيىشتى.

ۋېلىڭتوندىكى ۋىكتورىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دېيۋىد كەيپى (David Capie): «باش مىنىستىرلار ئاساسەن ئوپمۇئوخشاش گەپ قىلدى. مېنىڭچە، (ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيە ئارىسىدا) ماھىيەتتە قارىغاندا ئاھاڭ ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ھەقىقەتەن پەرق مەۋجۇت، ئەمما بۇ پەرقلەر ھەرگىزمۇ بەزى ھاياجانلىق تەھلىلچىلەر سىزنى ئىشەندۈرمەكچى بولغاندەك ئۇنچە چوڭ ئەمەس».

لوۋى ئىنستىتۇتىنىڭ ئانالىزچىسى رىچارد ماكگرېگور (Richard McGregor) بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ختاي توغرىسىدىكى بايانات ئوچۇق بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بېيجىڭغا بولغان <ھۆرمىتى> سەۋەبلىك، بىرەر گەپنى دېمەي قويغانلىقىنى بايقاش قىيىن. شۈبھىسىزكى، ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيە ئوتتۇرىسىدا ختاي

مەسىلىسىدە جىددىيلىك بولدى. ئەمما ئىككى رەھبەرنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە بىرلەشمە باياناتتىن قارىغاندا، ھازىرچە ئارىدىكى جىددىيلىك تۆۋەنلىگەنلىكى ئېنىق».

ئەمما، يەنە بەزى تەھلىلچىلەر بۇنىڭغا زىت ھالدا شۇنداق دېيىشمەكتە: ئاۋستىرالىيە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، خىتاي بىلەن بىۋاسىتە پۇت تېپىشىپ كېلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. بۇ نۇقتىدىن، ئۇنىڭ خىتاي ۋىرۇسىنىڭ مەنبەسىنى تېپىش چاقىرىقى، <بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى>غا <پۇتلىكاشاڭ> بولغانلىقى قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى يىرىكچىلىكنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە پەسىيىشىدىن ئانچە ئۈمىد يوق.

بۇنىڭ ئەكسىدە، ئاۋستىرالىيەنىڭ ئەڭ يېقىن قوشنىسى بولغان يېڭى زېلاندىيە گەرچە (بۇ قېتىملىق باش مىنىستىرلار ئۇچرىشىشىدىكىدەك) ئىككى دۆلەتنىڭ بىر <ئائىلە> ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە ئاۋستىرالىيە بىلەن بىللە خىتايغا قارشى باياناتتا ئىمزا قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىزچىل ھالدا ئاۋستىرالىيەدىن پەرقلىق ھالدا، خىتايغا قارشى ھېچقانداق ئەمەلىي تەدبىر قوللانمىغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا خىتاينىڭمۇ ئاۋستىرالىيە بىلەن تىركەشكەندەك، يېڭى زېلاندىيەگە قارشى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھېچبىر تەدبىر قوللانمايۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، تىجارەتتە، جۈملىدىن ئېكسپورتتا زور دەرىجىدە خىتايغا تايىنىدىغان بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ خىتاي بىلەن بولغان خىلمۇخىل پەرقلىق مۇناسىۋىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكىمۇ ماھىيەتلىك سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن سىرت، قەدىمدىن تارتىپ، ئۆز رەقىبلىرىنى پارچىلاپ يوقىتىش تاكتىكىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىتىپ كەلگەن خىتاي، ئۆزلىرىنى بىر «ئائىلە» دەپ ئاتىۋالغان مەزكۇر ئىككى قوشنا ئارىسىدىكى زەررە قەدەر ئىختىلاپتىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى





# پاسسىپ كەيپىيات سىزنى تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ

جون سېندلىر

# پاسسىپ كەيپىيات سىزنى تۆرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ

كەيپىيات ئادەتتە ئاۋتونومىك نېرۋا ۋە ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسى ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە فىزىئولوگىيىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ھېسسىياتقا مۇناسىۋەتلىك قىسمى ئاۋتونومىك نېرۋا سىستېمىسى (autonomic nervous system) دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋتونومىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ مەركىزىي قىسمى تۆۋەنكى دۆڭ مېڭە (Hypothalamus) بولۇپ، ئۇ يەنە مېڭە ئاستى بېزىنىڭ غەدىقلاشقا ئىنكاسى قايتۇرۇش مەركىزىدۇر. ئۇنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان نېرۋا فۇنكسىيەسى مۇسكۇللارنىڭ چىڭقىلىشى بولۇپ، مەيلى پۇتتىكى، قان تومۇر دىۋارىدىكى ياكى ئاشقازاندىكى مۇسكۇل چىڭقىلىش بولسۇن، ھەممىسى ئاغرىققا سەۋەب بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن مۇسكۇل چىڭقىلىش بويۇن، ئاشقازان، بارماق ئۇچى، باش تېرىسى، قان تومۇر ۋە سۆڭەك مۇسكۇللىرىنىڭ ئاغرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولۇپ، بۇ ئاغرىق ئېغىر جاراھەت ئاغرىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدىغان يەنە بىر مەسىلە ــ تېرە كېسەللىكلىرىدۇر. تېرە كېسەللىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كېسەللىكلەر پاسسىپ كەيپىيات سەۋەبلىك ئېغىرلىشىدۇ.

ئاشقازان - ئۈچەي يولىمۇ كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدىغان كېسەللىكلەر كۆپ يۈز بېرىدىغان ئورۇنلاردىن بىرىدۇر. قىسمەن ئەھۋاللاردا، بىز ئادەتتە «قورساق كۆپۈش» دەپ ئاتايدىغان ھادىسىمۇ ھەزىم قىلىش يولىدىكى كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدىغان سىپازما (مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ غەدىقلىنىشى تۈپەيلىدىن، مۇسكۇللار جىددىيلىشىپ غەيرىي تەبىئىي ھالدا قىسقىرايدىغان بىر خىل ھادىسە، ت) ھادىسىسىدۇر. ھېق تۇتۇپ قېلىشمۇ كۆپىنچە ئاشقازاندىكى، كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدىغان مۇسكۇل ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## پاسسىپ كەيپىيات مۇسكۇل چىڭقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

پاسسىپ كەيپىيات كۆپىنچە سۆڭەك مۇسكۇلى ۋە ئىچكى ئەزالاردىكى مۇسكۇللارنىڭ جىددىيلىشىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مۇسكۇلنى ئۇزاققىچە چىڭقىلىدۇرىدىغان بۇ كەيپىياتلار ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشسا ياكى مېخانىكىلىق رەۋىشتە تەكرارلانسا، شۇنىڭغا ئالاقىدار قىسمىنىڭ مۇسكۇلىنى ئاغرىتىۋېتىدۇ.

سىپازمىدىن كېلىپ چىققان قاتتىق ئاغرىق بۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مۇشتىڭىزنى چىڭ تۈگۈپ (بەك چىڭ بولمىسىمۇ بولىدۇ) سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ. دەسلەپتە ئانچە ئاغرىق ھېس قىلمايسىز، ئەمما بىر ئازدىن كېيىن، مۇشتىڭىزنى تۈگۈشتىن كېلىپ چىققان مۇسكۇل چىڭقىلىشتىن بارغانسېرى قاتتىق ئاغرىقنى ھېس قىلىسىز.

جىددىيلىك ئادەتتە بويۇن مۇسكۇلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەن ئۇچراتقان كېسەللىك ئەھۋاللىرى ئارىسىدا، بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىنىڭ ئاغرىقى بويۇن ئاغرىقىغا ئايلانغان ئەھۋاللارنىڭ 85 پىرسەنتتىگە كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدىغان مۇسكۇل چىڭقىلىشى سەۋەب بولغان. بەزى كىشىلەر نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىلا بويۇن ئاغرىقىنىڭ كەيپىياتتىن مەنبەلىنىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلەپ باقايلى: ئازادە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، دىققىتىڭىزنى يىغىپ، مەلۇم بىر ئىش توغرىسىدا بىر سائەت «ئەندىشە» قىلىڭ. ئاندىن ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز، چوقۇم بوينىڭىزنىڭ قاتتىق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىسىز، بوينىڭىزنىڭ ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

## يۈرەك راستلا بوغۇزغا قاپلىشىپ قالامدۇ؟

بىزدە «قورققىنىمدىن يۈرىكىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالدى» دەيدىغان گەپ بار.

بويۇن ئاغرىقىغا سىلىشتۇرغاندا، بىمارلار كېكىردەكتە مونەك بارلىقىدىن تېخىمۇ كۆپ شىكايەت قىلىشىدۇ. تەبىئىيكى، ئۇلار كېكىردىكىگە ئۆسمە ئۆسۈپ قالغان بولۇشىدىن قورقىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇ پەقەت قىزىلئۆڭگەچنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى مۇسكۇلدىكى كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن چىڭقىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ، بۇ مۇسكۇل چىڭقىلىش سەۋەبلىك كىشىلەر كېكىردىكىدە مونەك (ھەتتا ئۆسمە) باردەك ھېس قىلىشىدۇ. ئەگەر مۇسكۇلىڭىز چىڭقىلغاندا، يېمەكلىكلەرنى يۇتماقچى بولسىڭىز، چىڭقىلغان مۇسكۇللار بوشاشمىغاچقا، يېمەكلىك گېلىڭىزغا تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، كىشى يۇتقۇنچىقىغا بىرەر نەرسە ئۆسۈپ قالغانلىقىدىن تېخىمۇ شۈبھىلىنىدۇ، ئاندىن بۇ خىل تۇرۇپ قېلىش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ (تېپىك ناچار ئايلىنىش).

## ئاشقازان كەيپىياتنى ئەڭ روشەن ئىپادىلىيەلەيدىغان ئەزادۇر

ئاشقازان كەيپىياتنى ئەڭ روشەن ئىپادىلىيەلەيدىغان ئەزالارنىڭ بىرىدۇر. تۇرمۇشىمىز خۇشال بولسا، ئاشقازىنىمىز خۇشال كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئىشتىھايىمىزمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەمما، تۇرمۇش كۆڭۈلسىز بولغاندا، تۆۋۈقسىز ئىشتىھايىمىز تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بايقايمىز. ئەگەر شۇنىڭدىن كېيىنلا يەنە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بەرسە، مەسىلەن ئەزەلدىن باردى ـ كەلدى قىلىپ باقمىغان تاغىمىز بىزگە بىر مىليون دوللار مىراس قالدۇرسا، ئىشتىھايىمىز دەرھال ئېچىلىدۇ!

مەن ئۇچراتقان كېسەللىك ئەھۋاللىرى ئارىسىدا، ئاشقازىنىدا جاراھەت بارلىقىنى دەۋا قىلغان بىمارلارنىڭ ئەللىك پىرسەنتىدە جاراھەت بولماستىن، پەقەت كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن مۇسكۇل ئاغرىقى بار ئىدى.

ئىلگىرىكى مىلىچ ماللار سودىسى قىلىدىغان بىر بىمارىم بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشقازىنى دەل ئاشۇنداق پاسسىپ كەيپىيات سەۋەبلىك ئاغرىيتتى. زەنجىرسىمان دۇكانلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن رىقابەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاۋارىچىلىقلاردىن شەكىللەنگەن پاسسىپ كەيپىيات ئۇنى ئاشقازان ئاغرىقىغا دۇچار قىلغانىدى، بۇ بىچارە مىلىچ ماللار سودىگىرىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن خاپىلىقلىرى بار ئىدى (ئەگەر مەن ئۇنىڭدەك خاپىلىق تارتقان بولسام، ئاللىقاچان ئاغرىپ يېتىپ قالغان بولاتتىم). بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ ئوغلى دائىم ئىش ــ يەنە كېلىپ خېلى چوڭ ئىش ــ تېرىپلا يۈرەتتى. مىلىچ ماللار دۇكىنى بىلەن ئوغلىنىڭ ئارىسىدا قاتراپ يۈرىدىغان بۇ بىچارىنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىشقا مەھكۇم ئىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئاشقازان ئاغرىقىغا باش ئاغرىقىمۇ قوشۇلدى. ئەسلىدىكى ئاشقازان ئاغرىقىغا كۆچلۈك تەشۋىش قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاشقازان ئاغرىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى.

كېيىنچە، ئۇ ئاشقازىنىدا يارا يوقلۇقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇ يىلدا ئىككى قېتىم ۋىسكونسىن (Wisconsin) شتاتىنىڭ شىمالىدىكى بېلېۋىل (Belleville) شەھرىگە بېلىق تۇتقىلى بارغاندا، ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئەمما، ئۇ ئىككى ھەپتىلىك بېلىق تۇتۇش سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتقاندا، ئاشقازىنى قايتىدىن ئاغرىشقا باشلىغان.

مىنېسوتا (Minnesota) شتاتىنىڭ روچېستېر (Rochester) شەھرىدىكى مەشھۇر مايو (Mayo) تىبابەت مەركىزىدىكى بىر نەپەر داڭلىق دوختۇرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىققا دۇچار بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ ئىش ئورنىدا كېسەل كۆرسىلا، ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتاتتى. ئەمما، ئۇ پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتقاندا، پويىز مىسسىسسىپى دەرياسىدىكى چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتەر - ئۆتمەستىنلا ئاغرىقى توختاپ قالاتتى. پويىزغا ئولتۇرۇپ روچېستېر شەھرىگە قايتىپ كەلگەن ھامان ئاغرىقى يەنە باشلىناتتى.

ئۇنداقتا، ئۇ كۆۋرۈك بىلەن ئاغرىقىنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇ دوختۇر بۇ مەسىلىنى شۇنداق تەھلىل قىلغان: پويىزنىڭ ئاشۇ كۆۋرۈككە كەلگەنلىكى ئۇنىڭ مىنېسوتا شتاتىدىن، يەنى ئۆزى بىزار بولغان يەردىن ئايرىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## چوڭ ئۈچەي كەيپىياتنىڭ ئەينىكىدۇر

شۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىق ئاشقازاننىڭ يىگىرمە سەككىز فۇت ئاستىدىكى ئۈچەي يولىدا، بولۇپمۇ بىر چوڭ ئۈچەي دەپ ئاتايدىغان ئەزادىمۇ كۆرۈلىدۇ. باشقا ئەزالارغا سېلىشتۇرغاندا، چوڭ ئۈچەي كەيپىيات ئۆزگىرىشىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەزادۇر. نەچچە يىل ئىلگىرى، فىلادېلفىيەدىكى بىر دانا دوختۇر: «چوڭ ئۈچەي كەيپىياتنىڭ ئەينىكىدۇر، كەيپىيات جىددىيلەشكەن ھامان، چوڭ ئۈچەيمۇ جىددىيلىششكە باشلايدۇ» دېگەنىدى.

كەيپىيات بىلەن بەدەندىكى ئۆزگىرىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت چوڭ ئۆچەيدە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ بۇنىڭغا چوقۇم دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەر قانداق ئادەمدە ئوخشاش كەيپىيات ھەر قېتىم ئوخشاش رەۋىشتە جىسمانى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئادەم ھەر قېتىم ئەنسىرىگەندە، بويۇننىڭ كەينىدىكى مۇسكۇللار تېخىمۇ چىڭقىلىدۇ. دېمەك، مۇئەييەن كەيپىيات جىددىيلىكى مۇئەييەن مۇسكۇللارنىڭ چىڭقىلىشى بىلەن روشەن باغلىنىشقا ئىگە.

بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن، مەلۇم كەيپىيات چوڭ ئۆچەينىڭ مەلۇم قىسمىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، شۇڭا چوڭ ئۆچەينىڭ ئاشۇ قىسمى ھەمىشە شۇ مۇئەييەن كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئەگەر بۇ خىل سپازما قورساقنىڭ ئوڭ ئۈستى تەرىپىدىكى چوڭ ئۆچەيدە كۆرۈلسە، ئۆتكە تاش چۈشكەنگە ئوخشاش بىر خىل مۇجۇپ ئاغرىشقا سەۋەب بولىدۇ. مەن داۋالاش جەريانىدا، «ئۆتكە تاش چۈشۈش»نىڭ تىپىك ئالامەتلىرى بار نۇرغۇن بىمارلارنى ئۇچراتتىم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆت خالتىسى نورمال بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىئارامچىلىقىغا چوڭ ئۆچەي ياكى باشقا قوشنا ئەزالاردىكى كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن سپازما سەۋەب بولغانىدى. چىكاگودىكى فىزئولوگىيە دوختۇرى ئاندرېۋ ئىۋىينىڭ (Andrew Conway Ivy) قارىشىچە، ئۆت نەيچىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى پۇرمە مۇسكۇلنىڭ كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن سپازمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاغرىق ئۆتكە تاش چۈشكەندىكى مۇجۇپ ئاغرىشقا ئوخشاشلا ئېغىر بولىدىكەن.

## بۇ ئۆتكە تاش چۈشۈش ئەمەس، كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن چوڭ ئۈچەي ئاغرىقىدۇر

بەلكىم ھەر بىر دوختۇر كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن چوڭ ئۈچەي سپازمىسىغا «ئۆتكە تاش چۈشكەن» دەپ خاتا دىياگنوز قويۇپ باققان بولۇشى مۇمكىن. پېقىرنىڭمۇ ئاشۇنداق سەرگۈزەشتىسى بار. بىر كۈنى، مەلۇم بىر ئايال بىمارنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بارغانىدىم، ئۇنىڭدا ئۆتكە تاش چۈشكەندە كۆرۈلىدىغان جىددىي قورساق ئاغرىقىنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى بار ئىدى. مەنچە شۇ ۋاقىتتىكى دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل كېسەللىك ئالامىتىگە شۇنداق (يەنى «ئۆتكە تاش چۈشكەن» دەپ) دىياگنوز قويۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن نائىلاج ئۇنىڭ ئاغرىقى پەسەيگۈچە ئاغرىق توختىتىش ئوكۇلىدىن ئۇچنى ئۇردۇم. لېكىن، مەن «ئىككى كۈن ئاۋۋال، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئوغلى ئەسكەرلىككە كىرىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان»لىقتىن ئىبارەت رېئاللىقنى تامامەن نەزەردىن ساقىت قىلغانىكەنمەن.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ھەربىي لاگېرغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئايال يەنە بىر قېتىم ئىنتايىن ئېغىر ئاغرىقنى باشتىن كەچۈردى، بۇ ئاغرىقنىڭ ئالامەتلىرى ئۆتكە تاش چۈشكەن چاغدىكى ئالامەتلەر بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە ئاغرىق توختىتىش ئوكۇلىدىن ئۈچنى ئۇردۇم.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، ئۇ ئوغلىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدىن ئايرىلىپ، چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان، ئەمما مەنزىل ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ۋە ئەڭ ئېغىر مۇجۇپ ئاغرىشنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ قېتىم ئەھۋال بەك ئېغىر بولغاچقا، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا مەجبۇر بولدۇم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، رېنتېگىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۆت خالتىسىدا ھېچقانداق نورماللىسىزلىق بايقالمىدى. شۇ سەۋەبتىن، مەن ئەينى چاغدا ئۆت خالتىسىدا رېنتېگىندا كۆرۈنمەيدىغان تاشلار باركەن، دەپ قارىغانىدىم، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆت خالتىسىنى كېسىپ ئېلىۋېتىشنى تەۋسىيە قىلدىم. بىمارنىڭ ماقۇللۇقىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆت خالتىسى ئېلىۋېتىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئايدا، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى بولدى. دىياگنوزۇمنىڭ توغرىلىقىدىن پەخىرلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، بۇ ئايال تۆتىنچى قېتىم يەنە ئوخشاش ئاغرىققا دۇچ كەلدى. ئاغرىغان ئورۇن ئوخشاشلا قورساقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆت خالتىسىغا يېقىن جاي ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆت خالتىسى ئېلىۋېتىلگەنىدى. بۇ قېتىملىق قاتتىق ئاغرىقتىن ئىككى كۈن بۇرۇن، ئۇ ئوغلىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا كەتكەنلىكىدىن ۋە ئۇ يەردىكى گېرمانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىكەن. ئۇ ئوغلىنىڭ جەڭ مەيدانىدا يارىلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بەشىنچى قېتىملىق ئاغرىققا دۇچ كەلدى. ئوغلى ئۆيىگە ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولسا، ئۇنىڭ ئاغرىقى پەقەتلا قايتا قوزغالمىدى.

### كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن «سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى»

چوڭ ئۈچەينىڭ كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن سىپازمىسى قورساقنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا كۆرۈلسە، ھەممە ئادەم بۇنى سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى، دەپ ئويلايدۇ. ھەر قانچە ئەقىللىق دوختۇرنىڭمۇ بۇنىڭغا توغرا دىياگنوز قويالىشى ئىمكانسىز، بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال بالىلاردا كۆپ يۈز بېرىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇ خىل ئەھۋالدىكى بىمارنىڭ بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوپېراتسىيە قىلىنىدۇ. ئەمما قورساقنى يېرىپ بولغاندىن كېيىن، دوختۇرنىڭ كۆرىدىغىنى پەقەت نورمال سوقۇر ئۈچەي، خالاس.

يەنە بەزى كىشىلەردە چوڭ ئۈچەينىڭ ھەممىلا يېرىدە تارتىشىش كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ناچار ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

چوڭ ئۈچەيدە كەيپىيات سەۋەبلىك نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار كۆرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، «چوڭ ئۈچەي سىپازمىسى»، «چوڭ ئۈچەينىڭ غىدىقلىنىشقا قارشى ئىنكاسى» قاتارلىق كەسىپىي ئاتالغۇلار پەيدا بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت «كەيپىياتتىن مەنبەلەنگەن چوڭ ئۈچەي ئىنكاسى»نى كۆرسىتىدۇ، خالاس.

كىشىلەر ھەمىشە «قورساق كۆپۈش» ياكى «يەللىك ئىششىق»تىن شىكايەت قىلىشىپ، «دوختۇر، يېگەن نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى قورسىقىمدا يەلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ»؛ «دوختۇر، يىرگىنچلىك بىر نەرسە

قورسىقىمنى كۆپتۈرۈۋېتىۋاتىدۇ» دېيىشىدۇ. ياكى بەزى كىشىلەر: «بەدىنىمدىكى يەل يۈرىكىمنى بېسىۋالدى» دەيدۇ. ھەتتا بىر بىمار ماڭا: «يېگەن نەرسىلىرىمدىن چىققان يەل كۆكرەك بوشلۇقىمدىن ئۆرلەپ، گېلىمدىن ئۆتۈپ، قۇلىقىمدىن چىقىپ كېتىدۇ» دېگەنىدى.

بىز «قورساق كۆپۈش»نى ياكى «يەللىك ئىششىق»نى ھېس قىلغىنىمىزدا، كىچىك ئۈچەينىڭ بىر ياكى بىر قانچە بۆلىكى چېك يىغىلىۋالغان بولىدۇ. بۇ خىل سپازما كىچىك ئۈچەينى بەكلا تارايتىپ، دەماللىققا توسۇلۇش پەيدا قىلىدۇ – دە، نەتىجىدە ئۈچەيدىكى نەرسىلەر يۈرۈشەلمەيدۇ. بۇ خىل سپازمىدىن مەنبەلەنگەن توسۇلۇش بىر نەچچە مىنۇت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن داۋاملىشىشى مۇمكىن. ئۈچەينىڭ لۆمۈلدىشى ئۈچەيدىكى گاز ۋە سۇيۇقلۇق ماددىلارنى ئاشۇ توسۇلغان ئورۇنغا ئاپىرىدۇ، نەتىجىدە ئۈچەينىڭ توسۇلغان جايى يوغىنايدۇ. ئۈچەينىڭ تارتىششى بىلەن، كىشلەر قورسىقى كۆپكەندەك ھېس قىلىدۇ. ئەگەر سپازما تۇيۇقسىز توختاپ قالسا، ئۈچەيدىكى كۆپۈشكەن ماددىلار ئالدىغا مېڭىپ، كىشلەر قورسىقىنىڭ غولدۇرلىغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. قورساقتىكى بېسىمنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، كىشلەر ھەممىشە ئىشەنچ بىلەن: «قورسىقىمدىكى يەل چىقىپ كېتىۋاتىدۇ» دېيىشىدۇ.

ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە، بىز ئادەتتە «قورساق كۆپۈش»نىڭ دەردىنى تارتقان بىمارلارغا قورساق ئاناتومىيىسىنىڭ رەڭلىك سۈرىتىنى كۆرسىتىمىز. بىر قېتىم ساقچىلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنغان بىر يىگىتنى ئوپېراتسىيە قىلدۇق. بەزى تىببىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ قورساق ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن پەقەت قورساق دىۋارىلا قىسمەن ناركوز قىلىنغانىدى.

ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان ھالىتى خاتىرىلەنگەن تۇنجى رەسىمدە كىچىك ئۈچەي ۋە چوڭ ئۈچەينى ئېنىق ۋە تولۇق كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ، ھەممە ئىش نورمال ئىدى.

ئاندىن، دوختۇر ساقچىلارنىڭ دوختۇرخانىنىڭ سىرتىدا بۇ ياشنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىشىنى ساقلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭدىن: «يېقىندا ساقچىلار بىلەن ئۇچراشقانمىدىڭىز؟» دەپ سورىغان. بۇ سوئال سورىلىپ بىر مىنۇت ئۆتەر – ئۆتمەيلا، بىمارنىڭ كىچىك ئۈچىيىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مۇسكۇل تارتىشىپ قېلىش ۋە شۇنىڭغا سوڭدىشىپلا كەلگەن كۆپۈشۈش ئېنىق كۆرۈلگەن.

ئاندىن قورساق ئاناتومىيەسىنىڭ ئىككىنچى پارچە سۈرىتى تارتىلغان. دوختۇر: «ھازىر قانداقراق تۇرىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ھېلىقى يىگىت: «قورسىقىم كۆپۈپ كەتتى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## ھېق تۇتۇپ قېلىشمۇ كەيپىيات سەۋەبلىك بولىدۇ

ھېق تۇتۇپ قېلىشنىڭ پرىنسىپىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئوخشىمايدىغىنى ئۇ پەقەت ئاشقازاندا كۆرۈلىدۇ، خالاس. مەن ئىنتايىن مۇنەۋۋەر بىر ناتىقنى تونۇيمەن. ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەشنىڭ ئالدىدىكى ئون مىنۇتلۇق كۆنۈش جەريانى تولىمۇ ئازابلىق بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنى ھەممىشە

ئىختىيارسىز ھېق تۇتتۇۋالاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كەيپىياتى مۇقىملىشىپ، ئۆز رىتىمغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، ھېق تۇتۇشمۇ توختايتتى.

مەن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى بىر بىمارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئۇ بىچارە ئۆيدە، ئىبادەتخانىدا ياكى مېنىڭ ئىشخانامدا بولسۇن، ھەر ئوتتۇز سېكۇنتتا بىر قېتىم ھېق بولۇپ قالاتتى، يەنە كېلىپ شۇ خىل ھالەت بىر ھەپتە داۋاملاشقانىدى. مەلۇم بىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى كېرىگەت (دىئافراگمامۇ دېيىلىدۇ، قورساق ۋە كۆكرەك بوشلۇقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە، ت)نى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، كېرىگەت نېرۋىسنى كېسىۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى.

ئۇنىڭ ھېق تۇتۇشى مۇنداق باشلانغانىدى: 1942 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر بولكىخانا سېتىۋالغان. ئەمما ئۇ بولكا سودىسىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، 1942 ـ يىلى، (ئامېرىكادا) شېكەر، ئۇن ۋە بولكىخانىغا كېرەكلىك بارلىق ماتېرىياللار نورمىلىق ئىدى. بولكىخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن، بۇ بىچارە يىگىتنىڭ ماتېماتىكىسى پەۋقۇلئاددە ناچار ئىدى. ئۇ شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ قانچىلىك ماتېرىيال سېتىۋالايدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەرلىك نورمىلىق تەمىنلەش كومىتېتى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان. ئاخىرىدا، ھەتتا بۇ ئىشقا فېدېراتسىيە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى قول تىققان. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بولكىخانىسى پېچەتلەنگەچكە، ئۇ بەكلا ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن. بەلكىم ھەر قانداقىمىز ئاشۇ خىل ئەھۋالغا يولۇقساق، بەدىنىمىزدە ئاشۇ بىچارە يىگىتنىڭكىگە ئوخشاش ئىنكاس كۆرۈلۈشى، يەنى ھېق تۇتتۇۋېلىشى مۇمكىن.

ئېنىقكى، بۇ ئىشنىڭ پەقەت بولكىخانىنى سېتىۋېتىشتىن ئىبارەت بىرلا چارىسى بار ئىدى. مەن بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمدا، ئۇ بىز كۆرۈشكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۈلدى. بولكىخانىنى سېتىۋېتىش ئىشلىرى ئوتتۇشلۇق تاماملىنىپ 12 سائەتتىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى يېنىكلەپ، ھېق تۇتۇشمۇ ئاخىرلاشتى.

## قان تومۇرلىرى كەيپىيات ئۆزگىرىشىگە قارىتا ئەڭ سەزگۈردۇر

ئادەم بەدىنىدىكى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانلاردىن باشقا مۇسكۇللار، بولۇپمۇ نۇرغۇن قان تومۇرلىرىنىڭ دىۋارلىرىدىكى مۇسكۇللارمۇ بىردەك كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، قان تومۇر ئىنكاسىنىڭ ئەڭ روشەن ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان مىسالى يۈزنىڭ قىزىرىشىدۇر.

باش سۆڭەكنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوتتۇراھال تومۇلۇقتىكى قان تومۇرلار ھېسسىياتنىڭ غىدىقلىشىغا ئەڭ سەزگۈردۇر. بۇ قان تومۇرلار كەيپىياتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئىنكاس قايتۇرغاندا، باش ئاغرىشنى ياكى ئېغىر دەرىجىدىكى شەقىقە (باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش)نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن، كەيپىياتنىڭ غىدىقلىشى ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلە بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن، مېنىڭ بىر بىمارىم ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە شەقىقىگە گىرىپتار بولغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا باش ئاغرىقى قوزغىلىپ، ئۆيگە قايتقاندا ئاغرىقنىڭ دەستىدىن كۆڭلەپ يېتىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ (زۆرۈر ئىشلىرى ئۈچۈن) سىرتقا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۆيىنى پاكىز تازىلاپ، بالىلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ، سىرتتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى. يا.خشى. پىلانلىۋالاتتى. تېخىمۇ مۇھىمى.، ئۇ ئەسلىدىنلا تارتىنچاق بولغاچقا، سىرتتا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىسىلا تىت - تىت بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا ھەر قېتىم كوچىغا چىقىشتىن بۇرۇن بېشى ئاغرىشقا باشلايتتى - دە، كوچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېتىپ ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئەلۋەتتە، بەزىدە ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنگىلى باراتتى، ئەمما ھەر قېتىم يەنىلا بېشى ئاغرىغان ھالدا قايتىپ كېلەتتى.

## كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدىغان تېرە مەسىلىلىرى

ئەمەلىيەتتە، تېرىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ نۇرغۇنى كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدىغان تېرە ياللۇغىدۇر. تېرە ئاستىدىكى قان تومۇرلار كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە توختىماي سىقىلسا، بۇ خىل تېرە ياللۇغى ئادەم بەدىنىنىڭ ھەر قانداق يېرىدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ھەر قېتىم قان تومۇر تارايغاندا، قان زەردابى قان تومۇرلىرىنىڭ نېپىز دىۋارىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، تېرە توقۇلمىلىرىغا يىغىلىدۇ. دەسلەپتە، تېرە ئازراق چىڭقىلىپ، ئاندىن قىزىرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېتەرلىك مىقداردىكى قان زەردابى بېسىم ئاستىدا تومۇردىن ئۆتۈپ، تېرىنىڭ يۈزىگە ئۆتىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدىغان تېرە ياللۇغىنىڭ تېرە تاشلاش، تېرە قاتتىقلىشىش ۋە قىچىشىش قاتارلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

## سۆڭەك مۇسكۇلىنىڭ كەيپىياتقا قايتۇرىدىغان ئىنكاسى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى تەتقىقاتلاردا بايقىلىشىچە، بىز ئادەتتە تاللىق مۇسكۇل ئۆسمىسى ياكى تالا توقۇلمىسى ياللۇغى دەپ ئاتايدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەيپىياتتىكى جىددىيلىكتىن كېلىپ چىققان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئاكوپتىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەر تاللىق مۇسكۇل ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئاكوپتىكى نەم ۋە ناچار تۇرمۇش شارائىتى كېسەللىكنىڭ سەۋەبى دەپ قارالغانىدى. ھالبۇكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مەيلى ھۆل ۋە سوغۇق ئالپيۇت ئارىلىدا، ياكى قۇرغاق ۋە ئىسسىق جەنۇبىي ئافرىقىدا بولسۇن، ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ تاللىق مۇسكۇل ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئاساسەن ئوخشاش بولغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەسكەرلەرنىڭ قارارگاھتىن ئالدىنقى سەپكە يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، تاللىق مۇسكۇل ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ سانىمۇ مۇقىم رەۋىشتە ئاشقان. ئاخىرىدا، بۇ خىل كېسەللىكتە

مۇئەييەن كەيپىياتنىڭ، يەنى، بىر ئادەم ئۆزى قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانغاندا پەيدا بولىدىغان پاسسىپ كەيپىياتنىڭ سەۋەب بولغانلىقى جەزملەشتۈرۈلگەن.

بۇ خىل ئەھۋالدا كىشىلەر ئىختىيارسىز بەدىنىنى قاتتىقلاشتۇرۇۋالىدۇ ـ دە، بەزى مۇسكۇللار ـــ كۆپىنچە ھاللاردا مۈرىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسكۇللار ـــ شۇنىڭغا ماس ھالدا چىڭىيدۇ. ئەلۋەتتە، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەر ئۆزى خالىمايدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

كىشىلەردىكى بەدەن ئاغرىقىنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سەۋەبلىرىدىن بىرى تالا توقۇلمىسى ياللۇغىدۇر. تالا توقۇلمىسى ياللۇغى كۆپىنچە كىشىلەردە ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئەمما بەزى كىشىلەر بولسا داۋاملىق تالا توقۇلمىسى ياللۇغىغا گىرىپتار بولىدۇ. مەن دەل كېيىنكى تىپقا تەۋە. ئەلۋەتتە بۇمۇ كەيپىياتتىن مەنبەلىنىدۇ. مەن بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەر كۈنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرمىسەم بولمايدۇ، ئۇلار بەدىنىم ۋە كەيپىياتىمغا ئېغىر بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بەدىنىمنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى ئاغرىپلا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ بىمارنىڭ سەپرا تۇغقىنى شىپاخانامغا كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

مەن سىرتقا دەم ئېلىشقا كەتكەندە، تالا توقۇلمىسى ياللۇغى ۋە شىپاخانىنى ئۇنتۇپلا كېتىمەن. شىپاخانىغا قايتىپ كەلگەن ھامان، تالا توقۇلمىسى ياللۇغىمۇ دەرھال قايتا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئوڭ مۈرەم ئىشىكنى ئاچالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاغرىپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ ئاغرىقلارنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيمەن.

مەسىلە شۇكى، تالا توقۇلمىسى ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ نۇرغۇنى بۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندىمەنمۇ دەپ ئەنسىرىسە، يەنە بەزىلىرى ئۆزىدە ئېغىر رېماتىزم بار دەپ ئويلىۋالىدۇ، شۇنداقلا شۇ سەۋەبلىك ئاقساق ياكى مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما، رېئاللىق كۆپىنچە شۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

تالا توقۇلمىسى ياللۇغى ھەرگىزمۇ كىشىنى مېيىپ قىلىپ قويمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئېغىر كېسەللىكمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت ئادەمنى بىزار قىلىدۇ، خالاس.

«كەيپىيات ئىنقىلابى» ناملىق ئەسەردىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەنلەر ھەققىدە خىتايلارنىڭ كۆز قارىشى



شاننون تىززى

# شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەنلەر ھەققىدە خىتايلارنىڭ كۆز قارىشى

يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرگە رەددىيە بېرىش ھەلەكچىلىكىدە پالاقشىپ يۈرمەكتە. بۇنىڭغا پەقەت بىرلا مىسال كەلتۈرسەك، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۇنيىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى «بۇ ئەسىردىكى ئەڭ بىمەنە يالغانچىلىق، خىتاي خەلقىگە قىلىنغان ھاقارەت ۋە ھۆرمەتسىزلىك، شۇنداقلا خەلقئارا قانۇنغا ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۆللۈق قائىدىلەرگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق» دەپ كايىدى.

بۇنى «خىتاينىڭ تەشۋىقاتى» دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتىش ئاسان، ئەمما بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەر يالغۇز خۇا چۇنيىڭلا ئەمەس. نۇرغۇن ئاددىي خىتاي پۇقرالىرى، ھەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىۋاستە گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىغان خىتايلارمۇ ئاشۇ خىل كۆز قاراشتا (يەنى خىتاينى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلدى» دەپ ئەيىبلەشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىگە) قوشۇلىدۇ.

جەۋھەر ئىلھام «دىپلومات» ژۇرنىلىغا شۇنداق دېدى: «مېنىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق دوستلىرىم بار، ئەمما ئۇلار مېنىڭ كەچمىشمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنى (غەربنىڭ تەشۋىقاتىدا) مېڭىسى يۇيۇلۇپ كېتىپتۇ دەپ ئويلايدۇ». ئۇ دادىسى، يەنى ئۇيغۇر ئالىمى ئىلھام توختى خىتايدا تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، پائال ئاكتىۋىستلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. كېيىن ئىلھام توختى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. قىزى ۋە نۇرغۇن كەسىپداشلىرىغا كۆرە، ئىلھام توختىنىڭ جىنايىتى «خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇرۇنۇش» ئىدى.

ئەلۋەتتە، خىتايدا 1 مىليارد 400 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بار بولغاچقا، «خىتايلار»نىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قانداق قارايدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. جەۋھەر ئىلھام ئېيتقانىدەك: «كىم بىلەن پاراڭلاشقانلىقىڭىز ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىگە كۆرە، كىشىلەرنىڭ (بۇ ھەقتىكى) كۆز قاراشلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئەمما ئۇ (خىتايلارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى) بىر قانچە چوڭ كاتېگورىيەگە ئايرىشقا بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ «دىپلومات» ژۇرنىلى مەزكۇر ماقالە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان زىيارەتلەرنىڭ نەتىجىسىگىمۇ ئاساسەن ماس كېلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىدىن ھېچقانچە خەۋىرى يوق. «ئۇلار غەربنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋەرلىرىنى پەقەتلا ئوقۇمايدۇ. ھەم شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار خىتايدا بۇ توغرىلىق پاراڭلاشمايدۇ. ئۇلار يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ غەربىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا، خىتاي ھۆكۈمىتى <ئاتا قىلغان> بارلىق ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ» دەيدۇ جەۋھەر.

يەنە بەزىلەرنىڭ (خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى) بۇ ئەيىبلەشلەردىن چالا - بۇلا خەۋىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. جەۋھەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ خىل كىشىلەر «غەربنىڭ خەۋەرلىرى (مېڭە يۇيىدىغان) تەشۋىقاتتىن ئىبارەتتۇر، پەقەت خىتاينىڭ خەۋەرلىرىلا راست، غەرب دۆلەتلىرى خىتاينى پۈتلىماقچى» دەپ ئويلايدۇ.

يەنە بەزىلەر «تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشنى خالايدۇ. مەن (خىتاينىڭ تۈزۈلمىسىگە) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولغان مۇشۇ تىپتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى قايىل قىلالىدىم، ئەمما بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ۋاقىت - زېھىن كەتتى» دەيدۇ جەۋھەر.

يەنە بەزىلەر (شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى) «ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىنكار قىلىشىدۇ» دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇ.

مەزكۇر ماقالىدە خىتاي شەھەرلىرىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئەزالىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرگە قانداق ئىنكاستا بولغانلىقى كۆرسىتىلدى. بۇ ئەسەر خىتايدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر، شۇنداقلا ئامېرىكا تەتقىقاتچىلىرى ۋە پائالىيەتچىلىرىنىڭ باھالىرىنى ئاساس قىلغان.

«ئۇلار ھېلىھەم ئۇيغۇرلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ»

بۇ ماقالە ئۈچۈن زىيارەت قىلىنغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن بەختلىك، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ئۇچراۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىتاينىڭ رەسمىي تاراتقۇلىرىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت» رايونلىرىدىكى «مىللەتلەرنىڭ ئىجىل - ئىناقلىقى» ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تىرىشچانلىقلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنىڭ پۇقراۋىي ۋارىيانتىدۇر، خالاس.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى رەسمىي مەۋقەسى شۇكى، «(شەرقىي تۈركىستاندا) زىيانكەشلىك يوق، ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. خەلق ـــ مەيلى خىتاي، ئۇيغۇر ياكى باشقا مىللەت بولسۇن، خۇشال، باياشات ۋە خىتاي كومپارتىيىسىدىن مىننەتدار». خىتايدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.

ئەمما بۇ خىل چۈشەنچىدىكى خىتايلارنى «ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مېڭىسى يۇيۇلغان» دەپ قاراش بەكلا يۈزەكى بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگىنىگە ئاساسەن، مۇشۇنداق يەكۈن چىقىرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار.

مەسىلەن، بىزنىڭ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغانلاردىن بېيجىڭدىكى ژۇرنىلىست چياڭ خۇا، سانجىدىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ما ـ لىڭ ئىسىملىك تۇڭگان، شۇنداقلا 2019 ـ يىلى «نيۇيوركلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل داڭلىق ئىلمىي فانتازىيەلىك رومان يازغۇچىسى ليۇ سىشىن قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگىنىگە ئاساسەن، بىردەك ھالدا «شەرقىي تۈركىستان غەرب ھۆكۈمەتلىرى دېگەندەك زۇلمەت ئىچىدە ئەمەس. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى <تەربىيە>لىگىنى ئۇلارغا كۆيۈنگىنى، بولمىسا ئۇلار يېگىلى نان، قىلغىلى ئىش تاپالمىغان بولاتتى» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشتى.

«ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، ۋاشىڭتوندىكى جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا تەرەققىيات تەتقىقات پروگراممىسىنىڭ دىرېكتورى شان روبېرتسقا (Sean Roberts) كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى بۇ شەكىلدە ئاقلاشنىڭ تېگىدە تېخىمۇ ئېغىر مەسىلە بار. ئۇ «دىپلومات» ژۇرنىلىغا مۇنداق دېدى: «ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە <ئۇلار خەتەرلىك، ياكى قالاق> دېگەندەك شەكىللەردە مۇئەييەن دەرىجىدە مۇستەملىكىچىلىك، ئىرقچىلىق خاھىشى بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىنكاسىدىنمۇ ئوخشاش تۇتۇمنى بايقىيالايسىز».

كىشىلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى «جىھادچى بولۇپ كېتىش» تىن ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن «جاپالىق تىرىشچانلىقى» توغرىسىدا توختالغاندا، «تەرەققىيات توغرىسىدىكى بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىدە <بۇ يەر قالاق، بىز بۇلارنى خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز> دېگەن چۈشەنچە ياتقان بولىدۇ. بۇ مۇستەملىكىچى زېھنىيەتنىڭ ئىنتايىن تىپىك نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر» دەيدۇ روبېرتس.

جەۋھەر مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇر رايوندا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بارلىقى راست. ئەمما، كىشىلەر دائىم نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتقان نۇقتا ـــ شۇ مەسىلىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن يۈز بېرىۋاتقانلىقىدۇر».

ھەتتا مەزكۇر ئەسەر ئۈچۈن زىيارەتنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ئارىسىدىكى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ باقمىغان خىتايلارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رايونغا ياردەم بېرىش پروگراممىلىرىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر خەۋەردار بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ «تىرىشچانلىق»لارنى ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى ئىنكار قىلىشتىكى دەلىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ.

يەنە نۇرغۇن خىتايلار ئاتالمىش ئۇيغۇر دوستلىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان پاراڭلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا زۇلۇم يوقلۇقىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. بەزى تەنقىدچىلەر («مېنىڭ بىر

ئۇيغۇر دوستۇم بار، ئۇنىڭ دېيىشىچە...» تېپىدىكى) بۇ خىل «ئۇيغۇر دوستلار»نىڭ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى ئېيتىشىمۇ، لېكىن ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ.

كولورادو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچى دەرېن بايلېر (Darren Byler) كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك، شەھەردىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە تەبىقىسىدىكى خىتايلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ ناچار زۇلۇمغا دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى ئەڭ تۆۋەن.

بايلېر «دىپلومات» ژۇرنىلىغا مۇنداق دېدى: «خىتاي دوستى بار ياكى خىتايچە سۆزلەيدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالىشى ناتايىن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاي تىلىدا تەربىيەلەنمىگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن كۆپ ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق».

جەۋھەر مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر دوستىڭىز زۇلۇم يوق دېسە، بۇ پۈتكۈل رايوندا زۇلۇم يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ھېچكىم ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىگە سولاندى دەۋاتقىنى يوق. ئەمما ئىنتايىن زور نىسبەتتىكى ئۇيغۇرلار باستۇرۇلۇشقا ئۇچراۋاتىدۇ».

ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا گەپ قىلىشتىن خەۋپسىرەيدىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم ھەققىدە ئىشەنچلىك دوستقا گەپ قىلىشنىڭمۇ شۇ كىشىنىڭ تۈرمىگە كىرىشى بىلەن نەتىجىلىنىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جەۋھەر بۇ ھەقتە: «مەنچە خىتاي پۇقرالىرى پۈتۈن خىتايدىكى نازارەت قىلىش سالمىقىنى، شۇنداقلا بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان قورقۇنچنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويۇۋاتىدۇ» دېدى.

جەۋھەر سۆزىنىڭ داۋامىدا مۇنداق دېدى: «مەن شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغقانلىرىمغا تېلېفون قىلغاندا، ئۇلار ماڭا ئەنئەنىۋي ئۇيغۇرچە سالامنىڭ ئورنىغا <شى جىنپىڭ سىزگە ئامانلىق تىلەيدۇ> دېيىشىم توغرىسىدا بېسىم قىلدى. كىشىلەر ئەنە شۇ دەرىجىدە قورقۇپ كېتىشكەن. سىز ھەتتا تېلېفوندا باشقىلار بىلەن سالاملىشالمايدىغان تۇرسىڭىز، بىرەر خىتايغا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزدىن بىرەرسىنىڭ تۈرمىگە سولانغانلىقىنى ئېيتىشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟».

«غەربنىڭ خەۋەرلىرى (سىياسىي غەرەزلىك) تەشۋىقاتتىن ئىبارەت»

مەزكۇر ماقالە ئۆچۈن زىيارەت قىلىنغان خىتايلارنىڭ نۇرغۇنى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ غەربنىڭ خىتاينى «چەكلەش» ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، بۇ خىتايدىكى ئۆندىدار ۋە مىكرو بىلوگدا، شۇنداقلا ئامېرىكادىكى تۋىتېر ۋە فېيسبوكقا ئوخشاش ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدىكى مۇنازىرىلەردە دائىم كۆرۈلىدىغان نۇقتىئىينەزەرلەردىن بىرىدۇر.

بولۇپمۇ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئالاھىدە مەسىلىدۇر. گەرچە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ كونكرېت قانۇنىي ئېنىقلىمىسى بار بولسىمۇ، خىتايدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ئۇ دائىم مەلۇم بىر مىللەتنى پۈتۈنلەي قىرىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغان بىر قىسىم خىتايلار ھۆكۈمەتنى ئاقلىغۇچىلار سىپىگە قوشۇلۇپ، (شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم توغرىسىدىكى) ئەيىبلەشلەرگە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئۆكتە قوپۇشقا باشلىدى. ئالبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لى شىڭنىڭ «جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى» گېزىتىگە ئېيتقىنىدەك: « BBC نىڭ شەرقىي تۈركىستاندا <ئىرقىي قىرغىنچىلىق> يۈز بېرىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغان پەيتتە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىدا مەسىلە بار دەپ قارايدىغان خىتايلارنىڭمۇ قاتتىق خۇيى تۇتۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلىش ئىستىكى يوقىدى».

شۇنىڭدەك، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خىتاينىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدى. خىتايدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ نۇرغۇنى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغانلىرىنىڭمۇ نېمىلەرنى ئېلان قىلسا بولىدىغانلىقىغا قاتتىق چەكلىمە قويۇلىدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن خىتايلار ھەر قانداق نەرسىنى، جۈملىدىن ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيە تاراتقۇلىرىنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى خەۋەرلىرىنى ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، نۇرغۇن خىتايلار غوللۇق چەتئەل ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ئىشەنمەيدۇ ۋە «ئۇلار خىتاينىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، كەمچىلىكىگە ئېسىلىۋالىدۇ» دەپ قارايدۇ.

(غەرب تاراتقۇلىرىغا بولغان) بۇ خىل گۇمان قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەر BBC، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» ۋە «نيۇيوركلىقلار» قاتارلىق غەرب ئاخبارات ۋاستىلىرىدە خەۋەر قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. نۇرغۇن خىتايلار ئەسلىدىنلا (ئۆزلىرى ئېرىشەلەيدىغان) چەتئەل خەۋەرلىرىگە ئىشەنمەسلىككە مايىل ئىدى. شۇڭا، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر سەۋەبلىك، «ئۆز دۆلىتىنى ئادالەتسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىدى» دەپ قارىغان خىتايلارنىڭ (ئاشقۇن) مىللەتچىلىك خاھىشى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى.

مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەردىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان نەپتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشى (ھەتتا خىتاينى ئاقلىشى) خىتايلاردىكى بۇ خىل چۈشەنچىنى تېخىمۇ كۈرۈكلەش رولى ئوينىدى.

مەسخىرىلىك يېرى، بىر قىسىم خىتايلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق مەسىلە يوق» دەپ قارىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا ــ كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك بولسىمۇ ــ (ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقانغا) ئوخشاش خورلۇققا كۆنۈپ قالغانلىقىدۇر. بۇ ماقالە ئۈچۈن زىيارەت قىلىنغان

بىر قانچە خىتاي «ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان تۇغماس قىلىۋېتىش سىياسىتى مەۋجۇت»لىقىنىڭ ئۇنچىۋالا ئېغىر ئىش ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭمۇ مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

خۇلاسە:

مەزكۇر مۇلاھىزىنىڭ ئاساسى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغان مۇنداق بىر سوئالدۇر: «ئەگەر خىتاي خەلقىنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملاردىن خەۋەر تاپسا، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولامدۇ؟» (ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ چاغدا خىتايلاردىكى «ۋىجدان» ۋە ئىمكاندىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولامدۇ؟ ت)

خىتاي كومپارتىيەسى دۆلەتنى كونترول قىلغاندىن بۇيان، بارلىق سىياسەتلىرىنى دېگۈدەك ھەر قانداق كىشىنىڭ «ئىش چىقىرىشى»نىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە لايىھەلەپ چىقتى. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. خىتايدا دېيىشكە بولىدىغان ۋە بولمايدىغان گەپلەر ئارىسىدىكى مۆجمەل قىزىل سىزىق بىلەن، شۇ سىزىقنىڭ خاتا تەرىپىدە تۇرۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ مىللىتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۈرمىگە تاشلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق سەۋەبلىك، كىشىلەر توختىماي ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا كۆندۈرۈلگەن.

ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىق خىتاي دەپ تونۇشتۇرغان بىرەيلەن «**Clubhouse**» (ئېلان قىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولمىغىنىغا قارىماستىن دۇنيا مىقياسىدا مودا بولغان «چايخانا» تىپىدىكى سۆھبەتلىشىش يۇمشاق دېتالى، خىتايدىكى قىسقا بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چەكلىۋېتىلگەن، ت) مۇنازىرىسىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېسسىياتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى: «ئەمەلىيەتتە، بىز خىتايلارمۇ بۇ لاگېرلاردىن قورقىمىز... شۇڭا لاگېر ئىچىدىكى خەۋەرلەرنىڭ سىرتقا چىقالىشى ئاسان ئەمەس. ئەمما دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ زادى نېمىگە دالالەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىشىمىز تېخىمۇ تەس. قولىمىزغا دەلىل چۈشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئورتاقلىشىشتىن قورقىمىز».

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://thediplomat.com/2021/05/what-do-chinese-people-think-is-happening-in-xinjiang/



# ئۆگىنىش ھەققىدە 25 ھېكمەت

# ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر

1. بىلىش ھاماقەتلەرنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. مەسىلە (نوقۇل بىلىش ئەمەس) چۈشىنىشتۇر. ــــ ئالبېرت ئېينشتېين

'Any fool can know. The point is to understand.' – Albert Einstein

2. ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭ، ئۇنتۇپ قالىمەن. ماڭا ئۆگەتسەڭ، ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن. مېنى ئىشتىراك قىلغۇزساڭ، ئۆگىنىۋالىمەن. ــــ بېنجېمىن فرانكلىن

'Tell me and I forget. Teach me and I remember. Involve me and I learn.' – Benjamin Franklin

3. ئىزدەنگۈچى مېڭە ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا بىر تەجرىبىخانىدۇر. ــــ مارتىن فىشېر

'All the world is a laboratory to the inquiring mind.' – Martin Fisher

4. مائارىپ قاچىنى تولدۇرۇش ئەمەس، بەلكى يالقۇننى يېلىنجىتىشتۇر. ــــ سوقرات

'Education is the kindling of a flame, not the filling of a vessel.' – Socrates

5. كىتابنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز مېڭىسىنى تولىمۇ ئاز ئىشلەتكەن كىشى، تەپەككۇر ھورۇنلۇقىغا گىرىپتار بولىدۇ. ــــ ئالبېرت ئېينشتېين

'A man who reads too much and uses his own brain too little falls into lazy habits of thinking.' – Albert Einstein

6. قانچە كۆپ ئوقۇغانسېرى، قانچە كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشكەنسېرى، ئۆزۈمنىڭ ھېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىمغا شۇنچە جەزم قىلىدىم. ــــ ۋولتايىر

'The more I read, the more I acquire, the more certain I am that I know nothing.' – Voltaire

7. ھېكمەت ـ نېمىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋېلىشتۇر. ـــ ۋىلىيام جېيمىس

**‘Wisdom is learning what to overlook.’ ـ William James**

8. ھەممە ئوقۇغۇچى (ئۆگىنىلمەكچى بولغان مەزمۇنلارنى) ئۆگىنەلەيدۇ، پەقەت بۇنىڭ ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت ۋە قوللىنىلىدىغان مېتود ئوخشاش بولمايدۇ، خالاس. ـــ جورج ئېۋانس

**‘Every student can learn, just not on the same day, or the same way.’ ـ George Evans**

9. بىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، چوقۇم ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش كېرەك. ئىرادە قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، چوقۇم ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش كېرەك. ـــ برۇس

**‘Knowing is not enough; We must apply. Willing is not enough; We must do.’ ـ Bruce**

10. نادانلىق ئۇنچە نومۇسلۇق ئىش ئەمەس، ئەمما ئۆگىنىشنى خالىماسلىق نومۇسلۇقتۇر. ـــ بېنجېمىن فرانكلىن

**‘Being ignorant is not so much a shame, as being unwilling to learn.’ ـ Benjamin Franklin**

11. بىز چوقۇم قېرىنداشلارچە بىرلىكتە ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك، بولمىسا ھاماقەتلەرچە بىرلىكتە ھالاك بولىمىز. ـــ مارتىن لۇسېر كىڭ

**‘We must learn to live together as brothers or perish together as fools.’ ـ Martin Luther King, Jr.**

12. ھەمكارلىق بىزنى ئۆزىمىزگىلا تايىنىپ بىلىشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ـــ پاۋل سولارز

**‘Collaboration allows us to know more than we are capable of knowing ourselves.’ ـ Paul Solarz**

13. رەسمىي مائارىپنىڭ ئۆگىنىشىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىپ قويۇشىدىن ھەزەر قىلىڭ. ـــ مارك تۋېين

‘Never let formal education get in the way of your learning.’ – Mark Twain

14. دىيالوگ كەمتەرلىكسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. — پاۋلو فرېيىر

‘Dialogue cannot exist without humility.’ – Paulo Freire

15. كىشىنىڭ زېھنىيىتى يېڭى ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە كېڭەيگەن ھامان، ھەرگىز ئەسلىدىكى (نىسبەتەن تار) ھالىتىگە قايتمايدۇ. — ئولىۋېر ۋېندېل ھولمېس

‘Man’s mind, once stretched by a new idea, never regains its original dimensions.’ – Oliver Wendell Holmes

16. ھازىرقىدىن ياخشى بولۇشنى ئۆزىمىزدىن ئۆگىنەلمەيمىز (يەنى ھازىرقىدىن ياخشى بولاي دېگۈچى چوقۇم ئۆزىدىن مۇنەۋۋەر كىشىلەردىن ئۆگىنىشى كېرەك). — ۋېندېل بېرري

‘It is not from ourselves that we learn to be better than we are.’ – Wendell Berry

17. تەڭ ياشتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشاش ئوقۇشلۇقلارنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىش، تەڭ ياشتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشاش چوڭ - كىچىكلىكتە كىيىم كىيىشنى تەلەپ قىلغانغا ئوخشايدۇ. — مادېلىن خانتېر

‘Expecting all children the same age to learn from the same materials is like expecting all children the same age to wear the same size clothing.’ – Madeline Hunter

18. ھەرىكەتسىز ئىدىيە - ئىدىيە ئەمەس، بەلكى پۇشايماندۇر. — ستىفېن جوبس

‘Ideas without action aren’t ideas. They’re regrets.’ – Steve Jobs

19. ئەگەر مائارىپنىڭ تەننەرخى سىزگە يۇقىرى تۇيۇلغان بولسا، نادانلىقنىڭ بەدىلىنى مۆلچەرلەپ بېقىڭ. — خوۋارد گاردنېر

“If you think education is expensive, try estimating the cost of ignorance.” — Howard Gardner

20. تىنچ دېڭىزدىن ماھىر دېڭىزچى چىقماس. ــــ ئافرىقا تەمسىلى

"Smooth seas do not make skillful sailors."— African Proverb

21. (ھەقىقىي) ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى بارغانسېرى ئۆزىدىن بىھاجەت قىلغۇچىدۇر. ــــ توماس كارۇسېرس

"A teacher is one who makes himself progressively unnecessary." — Thomas Carruthers

22. بۈگۈن تۈنۈگۈنكىدىن داناراق بولالمىغان كىشىنى ئانچە قالتىس دەپ قارىمايمەن. ــــ ئابراھىم لىنكولن

"I don't think much of a man who is not wiser today than he was yesterday. " — Abraham Lincoln

23. ئۆگىنىشتىن توختىغۇچى قېرىغان ھېسابلىنىدۇ، مەيلى ئۇ يىگىرمە ياشتا، ياكى سەكسەن ياشتا بولسۇن. ــــ ھېنرىي فورد

"Anyone who stops learning is old, whether at twenty or eighty." — Henry Ford

24. ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلاڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ھېچقاچان يۈكسىلىشتىن توختاپ قالمايسىز. ــــ ئانتونى ئەنگېلو

"Develop a passion for learning. If you do, you will never cease to grow." ـ Anthony J. D'Angelo

25. بۈگۈنكى باللار دۇچ كەلگەن ئەڭ مۈشكۈل ئىش گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈرنەكلىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ گۈزەل ئەخلاق ئۆگىنىشتۇر. ــــ فرېد ئاستېير

The hardest job kids face today is learning good manners without seeing any ــــ Fred Astair

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى



# كىتاب ئوقۇشنىڭ ئون پايدىسى

# كىتاب ئوقۇشنىڭ ئون چوڭ پايدىسى

ئەگەر سىز كىتاب ئوقۇشنى ياقتۇرمايدىغانلاردىن بولسىڭىز، نۇرغۇن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قېلىشىڭىز ئېنىق. كۆپىنچە كىشىلەر كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ، بەزىلەر ئۇنى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزىلەر «كىتاب ئوقۇش ئۇنچە پايدىلىق ئەمەس (ھەتتا ھېچ پايدىسى يوق)، ئۇ پەقەت ۋاقىت ـ زېھىن ئىسراپچىلىقى» دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، رېئاللىق بۇ خىل زېھنىيەتنىڭ دەل ئەكسىچىدۇر. كىتاب ئوقۇشنى ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىلىق دېيىشىمىزنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار. مەسىلەن، سىجىل كىتاب ئوقۇش ئادىتى ياشانغانلاردىكى دېۋەڭلىك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

كىتاب ئوقۇغاندا مېڭىڭىز تېخىمۇ جانلىنىپ، تېلېۋىزور كۆرگەن ياكى رادىيو ئاڭلىغاندىكىدىن پەرقلىق ھالدا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدۇ. كىتاب ئوقۇش يەنە سىزنىڭ يېڭى «رېئال ئۆزىڭىز»نى تېپىۋېلىشىڭىزغا تۈرتكە بولۇپ، سىزنى دۇنياغا باشقىچە نۇقتىدىن قاراش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بۈگۈن، بىز كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىلىرىدىن بەزىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز ۋە بۇلارنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىشتىياقىنى كۈچەيتەلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۆۋەندىكىلەر كىتاب ئوقۇشنىڭ ئون تۈرلۈك پايدىسىدۇر:

1. كىتاب ئوقۇش سىزگە يېڭىچە ھايات تەرزى، پەرقلىق دۇنيا قاراش ئاتا قىلىدۇ

كىتاب ئوقۇش سىزنى يېڭى شەيئى، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى چۈشەنچە، يېڭى ئۇچۇر، يېڭى چارىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. سىز كىتاب ئوقۇغاندا، شەيئىلەرنى پەرقلىق نۇقتىئىينەزەردىن چۈشىنەلەيسىز؛ دۇنيانى ۋە ئۆزىڭىزنى پەرقلىق ئۇسۇلدا تونۇيالايسىز. كىتاب ئوقۇش قىزىقىشلىرىڭىزنى قېزىپ، كەلگۈسىدىكى كەسپىڭىز ۋە مۇۋەپپەقىيىتىڭىزگە ئۇل سېلىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ئۆزىڭىزنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تونۇشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ زېھنىڭىزنى ئېچىپ، ھاياتىڭىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنداقلا، سىزگە ھاياتنىڭ ئوخشىمىغان ئىجابىي تەرەپلىرىنى تونۇتىدۇ. كىتاب ئوقۇش يەنە سىزنىڭ دۇنيانى تېخىمۇ توغرا چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

### 2. كىتاب ئوقۇش سىزنى زېرەكلەشتۈرىدۇ

كىتاب ئوقۇش سىزنى تېخىمۇ مۇنەۋۋەرلەشتۈرىدۇ، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان مۇئەييەن تېمىلاردا تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىگە ئېرىشەلەيسىز. كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك، ياخشى كىتاب كىشىگە ئاجايىپ پايدىسى تېگىدىغان نۇرغۇن بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى ئاتا قىلىدۇ. ئەنە شۇ بىلىملەر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر، شۇڭلاشقا كىتابتىن ئالغان بىلىملەر ئارقىلىق تۇرمۇشنى، تۈرلۈك شەيئىلەرنى چۈشىنىش سىزنىڭ تۇرمۇشتا ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ ۋە زېھنىڭىزنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، سىزنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىدۇ. بىلىم سىزگە تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچە ئاتا قىلىدۇ.

شۇنداقلا، كىتاب ئوقۇش يەنە ئەسنى[1] كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى بولۇپ، ئوقۇش بىلەن ئەس ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئۇقۇملاردۇر. سىز كىتاب ئوقۇغاندا مېڭىڭىزنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقان بولىسىز، يەنى ئوقۇش سىزگە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلىدۇ.

### 3. كىتاب ئوقۇش ئىجادچانلىقىڭىزنى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنى ئاشۇرىدۇ

كىتاب ئوقۇش سىزگە ئوخشىمىغان ئىدىيە ۋە چۈشەنچە ئاتا قىلىدۇ. كىچىكىدىنلا كىتاب ئوقۇشقا بېرىلگەن ئوقۇرمەن ياخشى يازغۇچىغا ئايلىنالايدۇ. كىتاب ئوقۇش تەسەۋۋۇرنى غىدىقلايدۇ. كىتاب سىزنى يېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ سىزنىڭ يېڭى دۇنيا ۋە باشقا مۇمكىنچىلىكلەر ئۈچۈن يېڭىچە ئىدىيەلەرنى ئويلاپ چىقىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش سىزنىڭ شەيئىلەر ھەققىدە ئۆزگىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

كىتاب ئوقۇش سىزنى تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا باشلايدۇ. سىزگە ئوخشىمىغان قىلمىشلارنىڭ قايسى رەۋىشتە ئوخشىمىغان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىتابلار سىزنىڭ قېلىپلىشىپ كەتكەن تەپەككۇر ئەندىزىڭىزنى ئۆزگەرتىپ، تەپەككۇرىڭىزنى بېيىتىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئوقۇشنى ئۆگەنگەن ھامان، مەڭگۈ ھۆر ياشايسىز.

### 4. ئەسنى ياخشىلايدۇ

[1] خىتايچىدىكى «记忆力»نىڭ ئۆلۈك تەرجىمىسى بولغان «ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى «بىر نەرسىلەرنى يادىدا ساقلاش، يادقا ئېلىش قابىلىيىتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئەس» دېگەن ئىخچام سۆزنى ئاساسەن ئىستېمالدىن سىقىپ چىقىرىۋەتتى. ئەمدى بولسىمۇ «ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى» دېگەندەك كالامپاي گەپلەرنىڭ ئورنىغا «ئېسى ياخشى» دېسەك، بۇمۇ تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە كۆچلەندۈرۈش يولىدا بېسىلغان كىچىك قەدەملەردىن بىرى بولۇپ قالغۇسى.ـ ت

ئىنسانلارنىڭ كاللىسى ئاجايىپ ھەيران قالارلىق شەيئى بولۇپ، ئۇ ئانچە كۆچمەيلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەستە ساقلىۋالالايدۇ. ئەمما بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كاللىمىزنى ئىقتىدارىغا يارىشا ئىشلەتمەي، ئۇنى پاسسىپلىق ۋە ئەقلىمىزنى گاللاشتۇرىدىغان ناچار ئوي - خىياللار بىلەن تولدۇرىمىز - دە، مېڭىمىز ئاشۇ تۇراقلىق تەپەككۇر ئەندىزىسىگە بەند بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كاللىمىزدا ئاجايىپ ئىقتىدار ۋە سىغىم بار. ئەمما، ئۇ ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمدە ئىشلەش ئۈچۈن، بەدىنىمىزگە ئوخشاشلا چېنىقىشقا موھتاج. ئەمما، بەدەندىن پەرقلىق يېرى، مېڭىنىڭ «چېنىقىشى» كىتاب ئوقۇشتۇر.

### 5. پېشۋالاردىن ئۆگىنىۋېلىش بولىدۇ

سىز ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن مۇئەييەن مەسىلىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باققان پېشۋالار ۋە كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى، شۇ خىل مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ھاياتىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت ۋە خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز.

سىز يەنە كىتابلاردىكى مەشھۇر ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ كەچمىشلىرى ئارقىلىق ھايات تەجرىبىسىگە ئېرىشەلەيسىز ۋە ھاياتنى پېشۋالار ۋە يېتەكچىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن چۈشىنەلەيسىز، شۇنداقلا ھاياتتا ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۆگىنەلەيسىز.

ئۆزىڭىزنى تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى پېشۋالارنىڭ ھاياتىغا نەزەر سېلىشتۇر.

گەرچە سىز ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىڭىزمۇ، ئەمما سىز ئۇلارنىڭ كىتابلىرى ئارقىلىق ياشاش سەنئىتىنى ئۆگىنىۋالالايسىز (بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان ھەدىسلەرنى ئوقۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۆرنەك سۈپىتىدە كۆرسىتىش مۇمكىن).

### 6. سۆزلۈكىڭىزنى بېيىتىپ، تىل سەۋىيىڭىزنى يۈكسەلدۈرىدۇ

كىشىلەر ھەمىشە تىلغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ، كىتاب ئوقۇش دەل مۇشۇ جەھەتتىكى سەۋىيىڭىزنى يۈكسەلدۈرىدۇ. سىز كىتاب ئارقىلىق يېڭى سۆز - جۈملىلەرنى ۋە ئۆلچەملىك گرامماتىكىنى ئۆگىنىۋالالايسىز. شۇنداقلا، كۆپ كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ھېچقانداق دەرسلەرگە قاتناشماي تۇرۇپلا تىل جەھەتتە راۋۇرۇس مەلۇماتلىق بولغىلى بولىدىغان بولغاچقا، بۇ سىزگە پۇل تېجەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەش ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. ئەمما، بۇنىڭ

ئۆچۈن چوقۇم ئىجرائات بولۇشى كېرەك. زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرسىڭىزلا چوقۇم ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيەلەيسىز.

### 7. نىشانغا يېتىش ئىسكىتىڭىزنى كۈچەيتىدۇ

ھاياتىدا نۇرغۇن توسالغۇلارغا دۇچ كەلگەن ۋە شۇنىڭغا قارىماستىن يەنىلا نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بىرەر رېئال شەخس توغرىسىدىكى چىن ھېكايىنى ئوقۇش سىزنى نىشانىڭىز ۋە ئارزۇيىڭىزغا قاراپ قەدەم ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. سىز بەلكىم ئۆزۈڭدىن بۇيان مەلۇم بىر ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى ئويلاۋاتقان، ئەمما مەغلۇپ بولۇشىڭىزدىن قورققان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما كىتاب سىزنى بۇ خىل ئەندىشە ۋە بېسىمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، نىشانىڭىزغا ۋە ئارزۇيىڭىزغا قاراپ ئىلگىرىلىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇنداقلا سىزگە مەغلۇبىيەتنىڭ ئۈمىدسىزلىك ياكى بېسىم ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداقلا سىز شۇلاردىن تەجرىبە ـ ساۋاقنى يەكۈنلىسىڭىز، تەكرار مەغلۇپ بولمايسىز. ھەمدە بۇ خىل ساۋاق ئېلىش سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىزگە ۋە كېيىنكى قېتىم تېخىمۇ دانالىق بىلەن ئىش كۆرۈشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ئۆزگىچە ئىجابىي تەپەككۇر ئەندىزىسى يارىتىدۇ ۋە سىزگە ھەر ئىش مۇمكىن بولىدىغان ھەقىقىي ئاكتىپ دۇنيانى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 8. بېسىمىڭىزنى تۆۋەنلىتىدۇ

خۇسۇسىي ياكى كەسپىي ھاياتىڭىزدا قانچىلىك بېسىمغا دۇچ كېلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىتاب ئوقۇش بېسىمىڭىزنى باشقا ئۇسۇللارغا قارىغاندا تېز پەسەيتىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. كىتاب ئوقۇش مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر. تەتقىقات پسىخولوگلىرىغا كۆرە، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىنساننىڭ زېھنى كىتاب ئوقۇشقا مەركەزلەشكەندىن كېيىن، ئۇ كىتابتىكى دۇنياغا كىرىپ كېتىدۇ ـ دە، مۇسكۇل ۋە يۈرەكتىكى جىددىيلىك پەسىيىدۇ.

### 9. ئاكتىپ تۇتۇمغا تۈرتكە بولىدۇ

كىتاب ئوقۇش «مەن قىلالمايمەن» دېگەن تۇتۇمىڭىزنى «مەن قىلالايمەن»گە ئۆزگەرتىپ، سىزگە بۇ دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداقلا، بۇ خىل ئاكتىپ پوزىتسىيە ھاياتىڭىزغا ۋە بۇ دۇنياغا نۇرغۇن ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

10. زېھنىڭىزنى غىدىقلايدۇ

تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، زېھنىي جەھەتتىن غىدىقلىنىپ تۇرۇش چوڭ مېڭىنىڭ چېكىنىشىنى ئاستىلىتىدۇ، ھەتتا ياشانغانلاردىكى دېۋەڭلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مېڭە بەدىنىڭىزدىكى مۇسكۇللارغا ئوخشاش، كۈچلۈك ۋە ساغلام بولۇش ئۈچۈن چېنىقىشنى تەقەززا قىلىدۇ. كىتاب ئوقۇش بولسا، مېڭىڭىزنى ساغلام ۋە كۈچلۈك قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى چېنىقىش بولالايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، كىتاب ئوقۇش ھاياتىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرىدۇر، بىز ئۇنى كۈندىلىك ئادىتىمىزگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://seeken.org/10_great_advantages_reading_books/



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2021-يىلى 5 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىن 6 – ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە)

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلارغا
# ئالاقىدار مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر

**(2021 ـ يىلى 28 ـ مايدىن، 2021 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇنغىچە)**

## كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ ئاتىدى

دۇنيا تىنچلىق تەشكىلاتى تورىنىڭ 31 ـ مايدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 19 ـ ئاپرېل دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ستانفورد كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلقئارا ئەدلىيە مەركىزىنىڭ خىزمەتچىسى بېن ۋان شاكنىڭ (Ben Van Schaak) بىلدۈرۈشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قاراتقان سىياسىتى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئايدىڭلاشقان. خەۋەردە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ئېنىق كۈچلۈك، ئېنىق ماسلاشقان خەلقئارالىق بېسىمنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرى شەرقىي تۈركىستاننى توسالغۇسىز زىيارەت قىلالىشى ئۈچۈن خىتايغا چاقىرىق قىلدى

بلۇمبېرگ تورىنىڭ 31 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئاۋسترالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە رەھبەرلىرى خىتاينى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى توسالغۇسىز زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىشكە چاقىرغان بولۇپ، ئاۋسترالىيە باش مىنىستىرى سكوت موررىسون (Scott Morrison) ۋە يېڭى زېلاندىيە باش مىنىستىرى

جاكىندا ئاردېرن (Jacinda Ardern) شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يېقىندىن بۇيان ئاۋسترالىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆنسېرى ناچارلىشىۋاتقان بولۇپ، خىتاي ئاۋستىرالىيەدىن كەلگەن بىر تۈركۈم ئىمپورتىنى توسۇۋالغان ۋە تاموژنا بېجى ئالغان. خىتاي ھەر دائىم مۇخبىر ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىگە يول قويىمىز دەپ جار سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ژۇرنالىستلار زىيارەت داۋامىدا نۇرغۇن چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ۋە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن دۈشەنبە كۈنىدىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، ئاۋسترالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە رەھبەرلىرىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە چەكتىن ئاشتى دەپ ئەيىبلىگەن.

## خىتاي ھىندىستان چېگرىسى ئەتراپىدا بىرلەشمە ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى بەرپا قىلدى

ھىندىستان ۋاقتى گېزىتىنىڭ 2 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى يېقىندا ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ غەربىي ئۇرۇش قوماندانلىق مەركىزى ئۈچۈن ئەمەلىي كونتىرول سىزىقى ئەتراپىدىكى خىزمەتلەرنى باشقۇرىدىغان ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى بەرپا قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئورنىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان ھىندىستان ـ خىتاي چېگرا توقۇنۇشىدا، خىتاي شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت رايونىغا يېڭى ھەربىي ئۇسكۈنىلەرنى يۆتكىگەن بولۇپ، ئەمەلىي كونترول سىزىقى ئەتراپىدىكى ھاۋا مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرغان. ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن مارشالى مانموخان باھادىرنىڭ (Manmohan Bahadur) بىلدۈرۈشىچە، خىتاينىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ھىندىستان ئۈچۈن تەھدىت شەكىللەندۈرىدىكەن.

## ئۇيغۇر سوتى ئېچىلىش ئالدىدا

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ 2 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەدىكى مۇستەقىل «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» نىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى باھالاشنى مەقسەت قىلغان تۇنجى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى 4 ـ ئىيۇندىن 7 ـ ئىيۇنغىچە داۋاملىشىدىكەن.

ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى جىنايەتلىرىنى تۈنجى قېتىم سوتلاشىدەك بۇ تارىخىي ۋەقەنى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى نەق مەيداندىن ئۇلاپ خەۋەر قىلىنىدىكەن.

## ئاسىيا، ئافرىقا ئۆكتىچىلىرى پارىژدا ختايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزدى

ئەنىنى خەۋەرلەر تورىنىڭ 5-ئىيۇندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، شەنبە كۈنى پارىژدا ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى 14 دۆلەت تۇنجى قېتىم بىر بايراق ئاستىغا جەم بولۇپ، ختاينىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇشىغا قارشىلىق بىلدۈرگەن. نامايىشچىلار غەرب دۆلەتلىرىدىن ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى سادىر قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە ختايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان 2022-يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ قېتىملىق نامايىشقا خوڭكوڭ، شىزاڭ، شەرقىي تۈركىستان، تەيۋەن، كامىرون، بىرما ۋە بالۇجىستاندىن كەلگەن كۆپ دۆلەت ۋە رايون خەلقى قاتناشقان بولۇپ، نامايىشچىلار ختاي ئىشغالىيىتى ۋە زېمىن تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى شوئارلارنى توۋلىغان.

## 2022-يىللىق ختاي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ختايغا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە بېسىم ئىشلىتىشنىڭ پۇرسىتى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 5-ئىيۇندىكى خەۋىردە دېيىلىشىچە، كانادا باش مىنىستىرى جاستىن ترودو (Justin Ttrudeau) جۈمە كۈنى، 2022-يىلى ختايدا ئۆتكۈزىلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ختايغا بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ دەپ كۆرسەتكەن. تېرودۇ يەنە ختاينىڭ پەقەت بىرلەشمە كۈچكە دۇچ كەلگەندىلا، ئاندىن ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، كېلەر ھەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان يەتتە دۆلەت باشلىقلار يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن. تىرودونىڭ بىلدۈرۈشىچە، ختايغا نىسبەتەن ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق بىر دۆلەتنى رەت قىلىش ئاسان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا جامائىتى بىرلەشكەن تەقدىردە، ختايغا ھەققىي تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئىكەن.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاستا رەۋىشتە ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىدى

تاشقى سىياسەت گېزىتىنىڭ 8 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئامېرىكا ۋە بىر قىسىم غەرب تۆت دۆلەت پارلامېنتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىلمىشلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ قارارى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1948 ـ يىلىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن چىقىرىلغان. ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz) ئۆزىنىڭ يېقىندا نەشىردىن چىقىدىغان دوكلاتىدا، خىتاي ئاكادېمىكلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېلان قىلغان بايانات ۋە دوكلاتلىرىغا ئاساسەن، ئەتراپلىق ۋە قايىل قىلارلىق يېڭى ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى چېگرا تارىخى ۋە جۇغراپىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى لياۋ جاۋ يۇ (Liao Zhaoyu) رايوندىكى ئاتالمىش تېررورلۇق مەسىلىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ مەركەزلىشىشىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، باشقا خىتاي تەتقىقاتچىلىرىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررورلۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى نوپۇس مەسىلىسىنى ھەل قىلىش دەپ قارىغان.

## ياپونىيە ۋە ئاۋستىرالىيە خىتايغا بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلىدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 9 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، ياپونىيە بىلەن ئاۋستىرالىيە چارشەنبە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى يامان غەرەز بىلەن قارا چاپلاش دەپ ئەيىبلىگەن. يېقىندا بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەكشۈرۈشكە بولغان چاقىرىقى بارغانسېرى كۈچەيگەن بولۇپ، ياپونىيە بىلەن ئاۋستىرالىيە ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىندىن كېيىن بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنى ۋە باشقا خەلقئارالىق مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنى شەرقىي تۈركىستاننى توسالغۇسىز زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشقا چاقىرغان. مىنىستىرلار يەنە خىتاينىڭ يېقىنقى ھەرىكەتلىرىنىڭ خوڭكوڭنىڭ دېموكراتىيىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، شەرقىي خىتاي دېڭىزى بىلەن تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقىنى ۋە مۇقىملىقىنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار يەنە نۆۋەتتىكى بېرما كرىزىسىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## ئۇيغۇر سوتى 24 نەپەر گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىدى

قەھرىتان قىش تۇرنىنىڭ 9-ئىيۇندىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ھەپتە ئەنگلىيە پايتەختى لوندوندا تۆت كۈنگە سوزۇلغان ئۇيغۇر سوتىدا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، گۇۋاھچىلار خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەزىل سىياسەتلىرى ئاستىدىكى، كىنگورو سوتى، لوكچەك ساقچىلار، سوتسىز ئۆلۈم جازاسى، ۋەھشىيانە قىيىن-قىستاق، جىنسىي زوراۋانلىق قاتارلىق كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ سوت مەھكىمىسى شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى جەزىملەشتۈرۈش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، سوت كوللېگىيىسى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قەستەن ھاملە چۈشۈرۈۋېتىش، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەك، يۈز مىڭلىغان بالىلارنى دارىلئېتامغا سولاش قاتارلىق بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئاڭلاپ چىققان. سوت جەريانىدا 24 نەپەر گۇۋاھچى نەق مەيدان گۇۋاھلىقى بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن سىرت ئون تۆت مۇتەخەسسىس گۇۋاھلىق بېرىشكە قاتناشقان. سوت كوللېگىيىسى سوت ئېچىلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن خىتاينىڭ ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان بولۇپ، سوت داۋامىدا خىتاي ھۆكۈمىتى قايتىدىن سوت باشلىقى جېففرىي (Geoffrey) ئەپەندىگە ئاھانەت قىلغان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى يەتتە دۆلەت گۇرۇھىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە بولغان تەنقىدىنى ئەيىبلىدى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 14-ئىيۇندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، يەكشەنبە كۈنى يەتتە دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى تەنقىد قىلىنغان بىر باياناتنى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ باياناتنى ئەيىبلىگەن. يەتتە دۆلەت گۇرۇھى باياناتىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنى كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانىي ئەركىنلىكنى ھۆرمەت قىلىشقا، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار مەسىلىلەر، شۇنداقلا خوڭكوڭنىڭ ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرغان. باياناتتا يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئەيىبلەنگەن ۋە تۈرلۈك رەزىل قىلمىشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى بېلگىيە پارلامېنت ئەزاسىنى شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا يالغان ئۇچۇر تارقاتتى دەپ ئەيىبلىدى

ھىندىستاندا چىقىدىغان ۋىيون (WION) خەۋەرلەر تورىنىڭ 16 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، چارشەنبە كۈنى بىريۇسسېلدىكى پارلامېنت ئەزالىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق خەۋپى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بېلگىيە پارلامېنت ئەزاسى سامۇئېل كوگولاتىنى (Samuel Cogolati) يالغان ۋە خاتا ئۇچۇر تارقاتتى دەپ ئەيىبلىگەن. پارلامېنت ئەزاسى سامۇئېل كوگولاتى يازغان بۇ تەكلىپ بېلگىيە پارلامېنتىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلانغان بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي يىغىندا ئىسپاتلىنىدىكەن.

## ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە شياڭگاڭدىكى ھەرىكىتىگە قارشى ھەمكارلىق ئورنىتىشقا ۋەدە بەردى

ھىندىستاندىكى ئەنىي خەۋەرلەر تورىنىڭ 16 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا ـ ياۋروپا بىرلەشمىسى باشلىقلار يىغىنىدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭدىكى بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا خىتايغا تۇتقان مۇئامىلىسىدە يېقىندىن مەسلىھەتلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشقا ۋەدە بەرگەن. ئىككى تەرەپ سەيشەنبە كۈنىدىكى بىرلەشمە باياناتىدا شەرقىي ۋە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ ۋەزىيىتىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، چېگرا ھالقىغان مەسىلىلەرنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى شۇنداقلا كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە كېڭىيىشكە قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە خىتاي بىلەن ئىجابىي ئالاقىنى ماسلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەۋەردە يەنە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى خىتاي ۋىرۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىككىنچى باسقۇچلۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا چاقىرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## چېخ كېڭەش پالاتاسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغانلىقىنى جاكارلىدى

خەبەرخاب خەۋەرلەر تورىنىڭ 16 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، چېخ كېڭەش پالاتاسى بېلگىيە پارلامېنتىدىكى مۇھىم بېلەت تاشلاشتىن ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئېلىپ بارغانلىقىنى جاكارلىغان. 10 ـ ئىيۇن نۆلگە قارشى 38 ئاۋاز بىلەن تەستىقلانغان بۇ تەكلىپتە خىتاي ھۆكۈمىتىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، مىللىي كەمسىتىش، مەدەنىيەت، دىنى ۋە سىياسىي كىملىكنىڭ باستۇرۇلىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. تەكلىپتە يەنە چېخ ھۆكۈمىتىدىن خىتايدا

ئۆتكۈزىلىدىغان 2022 ـ يىلىلىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

## كانادا شەرقىي تۈركىستانغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش چاقىرىقىغا باشلامچىلىق قىلدى

كانادا CBC خەۋەرلەر تورىنىڭ 19 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، كانادا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىپ شەرقىي تۈركىستانغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا چاقىرىق قىلغان. كانادا ئامېرىكادىن قالسا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ۋەھشىيانە باستۇرۇش سىياستىنى ئەڭ ئاۋۋال ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇغان غەرب دۆلىتى بولۇپ، غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ خىلدىكى چاقىرىقلىرى ئەڭ كەمدە خىتاينى ئوسال قىلىشتا ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

## ۋېنگىرىيە خەلقى خىتايغا قارشىلىق كۆرسەتتى

نىكى خەۋەرلەر تورىنىڭ 19 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ـ ۋېنگىرىيە مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم سىمۋوللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋېنگىرىيە پايتەختى بۇداپېشتتا فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قارمىقىنى ئاچماقچى بولۇشى ۋېنگىرىيە خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. خىتاينىڭ ئۆز دۆلىتىدە ئۇنىۋېرسىتېت ئېچىشىنىڭ كەلگۈسى خەتىرىنى ئالدىن پەرەز قىلغان بىر تۈركۈم چېچەن بۇداپېشت ئاھالىسى بۇداپېشتتا خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارشى نامايىش تەشكىللىگەن بولۇپ، نامايىشقا نەچچە يۈزلىگەن يەرلىك خەلق قاتناشقان. نامايىشچىلار قوللىرىدا «فۇدەننى قارشى ئالمايمىز»، «مۇستەملىكە زېمىنىغا ئايلىنىپ قالمايمىز» دېگەن پلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خىتايغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## غەرب ئەللىرى 2022 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش قىلماسلىق ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلدى

يېقىنقى بىر نەچچە ئاي مابەينىدە غەرب دۆلەتلىرىدە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ خىل سادالارنىڭ مەلۇم نىسبەتتە كۈچىيىشى،

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ بۇ خىل سادالارغا ئىجابىي ئاۋاز قوشۇشى نەتىجىسىدە، خىتايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش دولقۇنى تېزلا تاراتقۇلارنىڭ قىزىزىق نۇقتىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئامېرىكا تاشقى مۇناسىۋەتلەر تورىنىڭ 16 ـ ئىيۇن ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە بىلدۈرۈلگىنىدەك، دۇنيا مىقياسىدىكى ئىككى يۈزگە يېقىن كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلەشمىسى كېلەر يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنىڭ خىتاي شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت قاتارلىق جايلاردا سادىر قىلىۋاتقان قىرغىنچىلىق ۋە دەپسەندىچىلىكلەرگە كۆز يۇمۇۋېلىش ھېسابلىنىدۇ دەپ قارىغان بولۇپ، بۇ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى كېلەر يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشتا ئاكتىپ تەشۋىقات ھالىتىدە ئىكەن.

### ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدىن يېڭى قانۇن لايىھەسى

ئامېرىكا ئاقساراي ھۆكۈمەت تورىنىڭ 24 ـ ئىيۇن ئېلان قىلغان باياناتىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، «ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇن لايىھەسى» ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن بولۇپ، دوكلاتتا «ئامېرىكا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەككە سىلىش قىلمىشىنى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى ھاقارەت قىلغانلىق، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئادالەتسىز ئىقتىسادىي ھەرىكەتلىرىنىڭ مىساللىرىدىن بىرى دەپ تونۇيدۇ» دېيىلگەن. بىز بۇ قانۇن لايىھەسىنى پىلانلىغۇچىلاردىن بىرى، شۇنداقلا يېزىشقا قاتناشقۇچىلاردىن بىرى بولغان ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى ماركو رۇبىيوغا ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

### خىتاي ئاتا يۇرت كىشىلىك ھوقۇق قانىلىنى تاقاتقۇزدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 25 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2017 ـ يىلى يۇتيۇبتا ئېچىلغان ئاتا يۇرت قازاق كىشىلىك ھوقۇق قانىلى شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان، قازاقىستان گراژدانلىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى سېرىكجان بىلەشنىڭ ئاتا يۇرت تەشكىلاتىغا قاراشلىق قانال بولۇپ، بۇ قانالدا 2017 ـ يىلىدىن بۇيان خىتاي جازا لاگېرلىرىغا سولىۋەتكەن ئۇرۇق تۇغقانلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغان قازاقلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن تەشكىل تاپقان ئون بىر مىڭ ۋىدىئو مەۋجۇت بولۇپ، مەزكۇر يۇتيۇب قانىلىدىكى ۋىدىئولار كۆنمىزگىچە جەمئىي 120 مىليون قېتىم كۆرۈلگەن ئىكەن. ئاتا يۇرت تەشكىلاتىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ۋە مەزكۇر قانالدىكى ئۆزنى مات قىلىدىغان ۋىدىئولاردىن ئارامسىزلانغان خىتاي 15 ـ ئىيۇن

كۆنىدىن باشلاپ، يۈتيۇب شىركىتىنىڭ قولى ئارقىلىق مەزكۇر قانالنى تاقاتقۇزىۋەتكەن. خىتاينىڭ بۇ خىلدىكى زوراۋانلىقلىرى ئۇنىڭ چەتئەلدىكى ئۆزىگە قارشى پاكىتلارنى يوق قىلىش ئۇرۇنۇشىنىڭ كۆچىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئۇكرائىنا خىتاينىڭ بېسىمىغا باش ئەگدى

ئۇكرائىنا يېقىنقى ئايلاردىن بېرى بىرلەشكەن دۆلەتلىرى تەشكىلاتى كىشىلىك هوقۇق كۆزىتىش ئەمەلدارلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ مۇستەقىل تەكشۈرۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى. جەنۇبىي خىتاي پوچتا گېزىتى تورىنىڭ 27-ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلىشىچە، خىتاي ئۇكرائىنغا ناۋادا ئۇكرائىنانىڭ مەزكۇر چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇشتىن يانمىسا، ئۇكرائىنانى خىتاي ۋىرۇسىنىڭ ۋاكسىنىسى بىلەن تەمىنلىمەيدىغانلىقى توغرىسىدا تەهدىت سالغان، نەتىجىدە ئۇكرائىنا خىتاينىڭ بېسىمىغا باش ئېگىپ، مەزكۇر چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇشتىن ئۆزىنى تارتقان.

## ئۇيغۇر هەرىكىتى تەشكىلاتى تۈركىيەدە زىيارەتتە بولدى

ئۇيغۇر هەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباس خانىم ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باش تەپتىشى ئابدۇلھەكىم ئىدرىس ئەپەندى ئىككەيلەن يېقىنقى هەپتىلەردىن بۇيان تۈركىيەدە مۇهىم ئۇچرىشىش ۋە زىيارەتلەردە بولدى. مەزكۇر تەشكىلات رەھبەرلىرى زىيارەت جەريانىدا تۈركىيەدىكى داڭلىق سىياسەتچىلەردىن تۈركىيە ياخشى پارتىيە رەئىسى مەرال ئاقشەنەر، تۈركىيە كەلگۈسى پارتىيىسى رەئىسى ئەھمەد داۋۇدئوغلى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل هەرىكىتى قاتارلىق بىر تۈركۈم تەشكىلات ئەزالىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە بەزى مۇهىم پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلدى.

هېكمەتيار ئىبراهىم تەييارلىدى



## جەففڕی کەین

مۆکەمەل ساقچی دۆلتی» ناملىق کتابی بلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بێشغا
کەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يورۇتقان جەففڕی کەین ئەپەندی



ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدا ئۆلتۈرۈلگەن ياش قىز - يىگىتلەر ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.